
ئامىنگۈل ھېكىم
قۇم ئارال
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئامىنگۈل ھېكىم

# قۇم ئارال

( ھېكايىلەر )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



本集子选入了作者近年以来所写的反映女性生活的 12 篇短篇小说。

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: رىزۋانگۈل ئابلەت

# قۇم ئارال

(ھېكايىلەر)

ئاپتورى: ئامىنىگۈل ھېكىم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 32 / 1
باسما تاۋىقى: 4.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 3000 — 1

ISBN 978 —7 — 5373 — 2735 — 0
باھاسى: 13.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998—2653927

# مۇندەرىجە


ھەمرا.................................1
گۈل...................................5
يولدىشىمنىڭ مۇھەببەت خاتىرىسى.........22
كۆيگەن كۆي...........................48
ئۇپۇق.................................56
قۇم ئارال.............................64
يامغۇر پۇرىقى.........................78
ئاشۇ كۈنلەردە.........................86
يېزىلمىغان خاتىرە.....................99
لالە..................................107
نويابىرنى سېغىنىدىم...................117
ئاق ئۈنچە............................130

# ھەمرا

كەچ كىرگەنـــسېرى قورقـۇنچ، ســىقىلىش ئىچىدە ئارامسىزلىنىپ كەتـتىم. ئۇنى كۆرۈشـنىڭ ئۆزى شـۇنچە كۆڭۈلـسىز ئىش بولـسىمۇ، يەنـىلا ئۇنىـڭ يولىغا قاراۋاتـاتتىم. چۈنكى، ئۇ مېنىـڭ قانۇنلۇق ئېرىم ئىدى. ئەنە ئۇ كەلـدى، ئۇنىـڭ تونۇش ئاۋازىدىن ئېسىمنى يىغدىم.

— نېمانچە تولغۇنۇپ ئولتۇرۇۋالدىڭىز؟

— ......

— قارىمامسىز ئەتىكى تەكشۈرۈشنىڭ تەيــيارلىقى بىـلەن بەكـلا كەچ قالـدىم. تامـاقمۇ يېمىگەن ئوخشايسىز ـ ھە؟

— يېدىم؟

— ھەي، سىزنى......!

ئـۇ ئـارتۇقچە گەپ قىلماســتىن تـامىقىنى راســلاپ يېـدى. مەن يوتقانغـا پۈتـۈمنى تىقىـپ تامغا يۆلەنگەن پېتىم ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ يېشىنىپ يېنىمغـــا كىرگەنـــدە، شـــۇنداق شـــۈركۈنۈپ كەتتىمكى......

— سىز نېمانچە سەت!

بـۇ سـۆزنىڭ ئېغىزىمـدىن قانـداق چىقىـپ كەتكەنلىكىنىمـۇ بىلمەيـمەن. بەلكىـم ئۇنىـڭ

قويۇق دانىخورەك باسقان كەڭ پېشانىسى، شالاڭ قاشلىرى، ياپما قاپاقلىرىغا ئىختىيارسىز كۆزۈم چۈشۈپ قالغاندۇ.

— ئىشقىلىپ سىزگە ياردىمىغۇ؟

ئۇن سىلىپ يىغلىۋەتتىم. قانچىلىك يىغلىدىمكىنتاڭ، كۆزۈمنى ئاچسام تاڭ يورۇپتۇ. مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن كۈتۈۋالدىغان بىر كۈننى ئويلاپ نېرۋىلىرىم كاردىن چىقاي دەپ قالدى. ۋاقتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېسداشلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلسامۇ، ساراڭ خىياللاردىن زادىلا قۇتۇلالمايۋاتاتتىم. «شۇنداق قىلىشىم كېرەك، ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرسەملا.......»

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ نېمىدۇر ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، تېخى ئەتىگەنلا پۈتىغا سايقان بەتىنىكىسىنىڭ ئىچىگە قەستەن سۇ قۇيۇۋەتتىم. ئۇ قاراپلا تۇرغاندەك شۇ ھامان كۆلدى.

— ھا...... ھا...... ھا...... مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ ھەمرا!؟

— نېمىشقا مېنى تىللىمايسىز؟

— قىزىقسىز - دە؟

باللارچە قىلىقىمنىڭ خىجىللىقى ھەم پىلانىمنىڭ قاملاشمىغانلىقىدىن خورسىنىپ

ئولتۇرۇپ كەتتىم. «تـوۋا، ئاجايىپ ئادەمكەنغۇ بۇ.......»

ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز بولسىمۇ تىللىشنى ياكى بىرەر تەستەك سېلىشنى، مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېلىشنى قانچىلىك كۈتكەنىدىم - ھە!

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، ئاخىر بىر قارارغا كەلدىم. ئاتا - ئانام تەرىپىدىن ئەيىبلىنىشىم، تاپا - تەنىلەرگە ئۇچرىشىم شەكسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ بارلىق دىلغۇللۇق، ئەندىشىلەردىن يۇلقۇنۇپ ئۆيدىن چىقتىم. گاراڭ ھالەتتە كېتىۋاتىمەن.

جاڭگالدىكى چىغىر يول، دوستلىرىم بىلەن مۇشۇ جاڭگالدا قوي باقاتتۇق. توغرا، سالى ئىسىملىك بىر پادىچى بوۋاي بولىدىغان، ئۇ بىزگە ناخشا توۋلاپ، ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى. ھازىر بىزدىن تولىمۇ يىراقتا...... رەھمەتلىكنىڭ تۇمشۇقىنى كىيىپ قاچقانلىرىمنىڭ تېخى تۇنۇگۈنكى ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايتتىم. كۆزلىرىمگە، ياق، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا يىغا ئولاشتى.

ئانام بىلەن دادام مېنى قىيىنغۇچە ماللىرىنى باققىلى سالسا، خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتسەم بولماسمىدى؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئۇچۇن قىزىنىڭ كادىرنىڭ قولىدا راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈ-

رۇشـــىنى ئويلاشـــتىنمۇ ئـــارتۇق خاتىرجەملىـــك بولمىسا كېرەك.

— جېنىڭىزنى قىينىمىسىڭىز بولمامدۇ؟

چۆچۈپ ئارقامغا قارىدىم. ئـۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشـتى ـ دە، يېڭـى بـىلەن پېشانە تەرىمنـى سۈرتتى.

مەن گويــا يەرگە مىخلىنىــپ قالغانــدەك مىت قىلىپمۇ قويماستىن تۇرۇۋەردىم. ئۇشـتۇمتۇت كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالـدى. ئىلگىـرى ئۇنىڭغـا زادىــلا تىكىلىــپ باقمىغانــدىم، ئاشــۇ يۇمــۇق كۆزلەردە ئاجايىپ مېھرىلىك، جەزبىلىك بىر ئۇچقۇن چاقناپ تۇراتتى. مەن بۇنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتىم.

— بولدى، بارمايلى،— دېدىم تەسلىكتە.

— مەن كەلگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟

ئۇنىــڭ ئاۋازىــدىن رەنجىــش ئــالامەتلىرى سـېزىلمىگەندەك، شـۇ چاغـدىكى كەيپىياتىنىمۇ ئىپادىلىيەلمەيتتىم. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قايتىلاپ تىكىلدىم.

— بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە قايتايلى.

— ھەمرا......

بـۇ ھاياجـانلىق ئـاۋاز يىـراق ـ يىـراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقـان تەڭداشـسىز لىرىــك كۈيــدەك ۋۇجـۇدۇمنى تىترىتىـۋەتتى. ئـۆز ئىـسمىمنىڭ شـۇ قەدەر يېقىملىـق ئىكەنلىكىنـى ھـازىرغىچە ھـېس قىلماپتىكەنمەن.

# گۈل

## 1

رەيھان، سالامەتمۇسەن؟ ئۆيىمىزدە، قولىمىزدا، ئىشخانىمىزدىمۇ تېلېفون تۇرۇپتۇ. ئىنتېرنېت تورىمۇ ئالاقىلىشىشىمىزنىڭ ياخشى ۋاستىسى بولالايتتى. لېكىن، مېنىڭ سەن بىلەن قەغەز يۈزىدە سىرداشقۇم، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خەت يازغۇم كەلدى. سېزىپ تۇرۇپتىمەن، سەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىڭدا ھەيران قالىسەن، ۋۇجۇدۇڭغا ئىسسىق بىر ئېقىم تارايدۇ. چۈنكى، ئالىقانچىلىك كونۋېرت ئىچىگە سىغدۇرۇلغان مۇھەببەتنى ماڭا ئوخشاشلا سېغىنماسلىقىڭ مۇمكىنمۇ؟

ئەتىگەن قىزىم گۈليارنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىشىمدا، ماشىنىنىڭ سىگنالىغا، موتوسىكلىت، توكسىكلىتلىرىنى مۇسابىقىلەشكەندەك ھەيدەپ ئىشقا مېڭىشقان كىشىلەر ئېقىنىغا پەرۋاسىز ھالدا قاتناش ۋاستىلىرى يولىدا كېتىۋاتقان بوۋاينى كۆرۈپ ھەۋەسلىنىپ قاپتىمەن. يەر شارىدا مۇشۇ بوۋاينىڭلا غېمى يوقتەك...... بەلكى بوۋاينىڭ كۆزى كۆرمەيد-

غاندۇ، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغاندۇ، شۇڭا شۇ قەدەر پەرۋاسىزدۇر....... دەپ ئويلاۋېتىپمۇ تۇيۇقسىز ئۆزۈمنىڭمۇ گاس - گاچا، قارىغۇ بولۇپ قالمىغىنىمغا ئۆكۈندۇم. ئىشقا كىلىپ بوۋاي ھەم بوۋايغا يانداشقان خىياللىرىمنى بىرەرسىگە بولىسمۇ ئېيتىپ بەرگۈم كەلدى، بىراق ئېيتمىدىم. مۇشۇ كۈنلەردە شۇنداقلا بىر پاراڭلارنىمۇ باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قاپتىمەن. قارىغاندا ماڭا ھار كەلگەن، مىنى چارچاتقان ئىشلار بەك كۆپ بولسا كىرەك.

رەيھان، توي كۈنۈم سەن ماڭا قۇلىقىمغا شۇرلاپ تۇرۇپ بەرگەن ھىلقى بىر تال گۇل ئېسىڭدىمۇ؟ ئىچىم ئاچچىققا تولغان چاغلاردا نە يوپۇرمىقى، نە بىرەر تال غۇنچىسى بولمىغان ئاشۇ بىر تال گۇلنى، سەۋىردىنىنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ گۇلنى مىنىڭ تويۇم بولغان كۈنى سەۋىردىن سەن ئارقىلىق ماڭا كىرگۈزگەنىدى. سەۋىردىنىنىڭ مىنى بىرنەچچە يىل قوغلاشقان ئەقىدىسى ئۇچۇن ھۆرمىتىنى قىلىپ قويسام، ئەل نەرقى سالام - سەھەت بىلەن ئۆتسەم ياخشى بولاتتى. بىراق، مىنىڭ سەۋىردىنىنىڭ جاھىللارچە قوغلىشىشلىرىدىن قانچىلىك بىزار بولۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيسەن. راستىنى ئېيتسام، ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈممۇ

قالماپتىكەن. سەن بەرگەن گۈلنى كۆز ئالدىڭدىلا تىتىۋەتسەم سەن خاپا بولغان، سەۋىردىنىڭ ئۇۋالىغا قالمىغىن يەنە....... دەپ مېنى ئەيىبلەپلا كەتكەنىدىڭ. راست، مەن سەۋىردىنىڭ ئۇۋالىغا قالغان ئوخشايمەن.......

قىزىم گۈليارنىڭ دادىسى تۇرۇپ دادىسىز چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، غەيرەت بىلەن بىر ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى تەڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەزەلدىنلا تونۇشمايدىغان كىشىلەردەك يۈرۈۋاتقانلىقىمىزنى بىر ئۆزۈملا بىلىپ ئۆتتۈۋاتقىنىمغا ئۈچ يىلدىن ئېشىپتۇ. گۈليارنىڭ تىلى «ئانا» دەپلا چىقتى، «دادا» دەڭ دەپ ئۆگەتسەممۇ دېگىلى ئۇنىمايدۇ.

بىلەمسەن، گۈليارنى يەڭگىپ ئۆزىمىزنىڭ تۇتقان ئۆيىدە يېتىشنى تاللىشىم ئائىلىمىزنى مۇشۇنداق هالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. «مەقسىتىڭ نېمە زادى؟ ماڭا ئېشەنمەي، مېنى بېقىپ ياتاي دېدىڭمۇ؟ ئاناڭ كېلىپ سېنى باقسا، بىنا ئۆي دېگەندە چوڭلار بىلەن تۇرغىلى بولىدۇ دەپسەن - دە، ئىلگىرى ئۇنداق دېمەيۋاتقانتىڭغۇ.......» دېگەندەك گەپلەر بىلەن دوق قىلاتتى. مەن تۇغۇتۇمدا ئۆزۈمنىڭ ئۆيدە كۈتۈلگىنىمنىڭ گۇناھ ياكى ئەمەسلىكىنى، بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى يوق قىلىشنىڭ يولىنىمۇ بىلمەي ئۈچ يىل ئۆتتۈپ كەتتى.

مەن غەيرەتنى مېنى قوغلاشقانلار قاتارىدا

چوڭ بىلىپ تاللىغان، غەيرەت بىلەن توي قىلىشتا ئاتا - ئانامنىڭ گېپىمۇ قولىقىمغا كىرمىگەن، دوستلارنىڭ نەسىھىتىگىمۇ پەرۋا قىلمىغانىدىم. ئەمدىلىكتە ئۆزۈمنى قويىدىغانغا يەر، تىنىدىغانغا بوشلۇق تاپالمايلا قالدىم. لېكىن، دەرد ئېچىگە پاتمىسا ساقلاشنىڭ ئامالى بارمۇ؟......

ئالدىنقى ھەپتە مۇناسىۋىتىمىزدىن ئاز - تولا گۇمانسىراپ يۈرۈۋاتقان ئانامغا ئەھۋالىمىزنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، غەيرەتنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان بىر ئايال بىلەن ئەر - خوتۇندەك ئۈچۈق - ئاشكارا يۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئىدارىدىكى ھەممەيلەن بۇ ئەھۋالنى بىلسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ گەپ تاپىلىغانلارغا «بىز شۇنداق ياخشى ئۆتۈۋاتىمىزغۇ» دەپ چاندۇرماي يۈرگەنلىكىمنى، ئەمدىلىكتە ئاجرىشىپ كېتىشنىڭ ھەر ئىككىيلەن ئۈچۈن ياخشى چارە بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتىدىم، ئانام قوشاق قوشۇپ يىغلاپ كەتتى. ئانام مېنىڭ دەردىمدىن بەكرەك غەيرەتكە چىدىماي يىغلىدى. «بالام، گەدەنكەش بولما، ئەر كىشىدە شەك يوق.......» دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىر تالاي نەسىھەت قىلدى.

رەيھان، مەن ئانامغا غەيرەتنى ئۆزۈمگە قارىتىش ئۈچۈن نومۇسنى قايرىپ قويغانلىقىمنى ئېيتالمىدىم......

كۈنلار ئىپتىقاندەك تاتلىق سۈتلەرمۇ ئېچىيدىكەن. غەيرەت بىلەن مۇناسىۋىتىمىز بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسمۇ، غەيرەتكە ئاخىرقى قېتىم يالۋۇردۇم:

— سىرتتا نېمە ئىشلار يۈز بەرسۇن مەن رازى. ئۆيىمىزنى بۇزماسلىقنىڭ ئىمكانىيىتىنى ئىزدەپ باقايلى، غەيرەت......

غەيرەت ئارقىسىغىمۇ قاراپ قويماي چىقىپ كەتتى. مەن دۇم يېتىپ يىغلىدىم...... نىيەت بۇزۇلسا نېمە دېسە، نېمە قىلسا بولۇۋېرىدىكەن. كۆڭلۈم ئالىقاچان ئۆلگەن بولسىمۇ، كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك چوڭ بولۇۋاتقان بىر ئوغۇل، بىر قىزىمىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان مېھرى كەم بولمىسۇن دەپ، ئۆزۈم تاللىۋالغان بۇ دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆيۈشنى خالىغانىدىم...... مەن يەنە نېمىگە تارتىشاي؟

رەيھان، كۆرگەن كۈنلىرىمنىڭ باشقىلارنىڭ مەن سەۋەبلىك ئازار يېگەن دىلى بىلەن راستتىنلا باغلىنىشى بولسا كېرەك، جاھاندا ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدە قالمايدىكەن......

مەن ساڭا ئىچىمنى ئازراق بولسىمۇ بوشىتىۋالاي دەپ خەت يازدىم، مەن ئۈچۈن ئاچچىق يۇتۇپمۇ يۈرمە. مەن كۆز ئالدىڭدىلا تىنتۇۋەتكەن، سەۋرىدىن سەن ئارقىلىق ماڭا كىرگۈزگەن نە يوپۇرمىقى، نە بىرەر تال غۇنچىسى بولمىغان

ئاشۇ گۈلنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن......

ساڭا يەنە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى، كېلەر قېتىم يازاي. خوش، تېنىڭگە سالامەتلىك تىلەپ:

— پەرىدەدىن

## 2

رەيھان، بىر چاغلاردا سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىمىزنى تاللاشتا ئۆلچەم، شەرتـ ـلىرىمىز بولغان. «ھاراق-تاماكىنىڭ پۇرىقى كەلمىسە، ئۇ قانداق ئەر كىشىگە ئوخشايدۇ، مەن راھىب مىجەز ئەرلەرنى ياقتۇرمايمەن......» دەيتتىڭ، سەن تېخى «مەن چاقچاق قىلمىدىم جۇمۇ، راست گەپ» دەپ قوشۇپ قوياتتىڭ. مەن بۇ قاراشلىرىڭغا ھەيران قالغان. مەن بولسام ئەرلەرنىڭ كۆيۈمچان بولۇشىنى، ئۆزۈمنىڭ ياخشى كۆرۈشىدىنمۇ بەك، قارشى تەرەپنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىنى شەرت قىلاتتىم. غەيرەت مېنىڭ ئارزۇيۇمدىكى ئەر ئىدى......

مەن ئانامنىڭ دادامنى تاللىشىنىڭ ئۆزى بىر خاتالىقمىكىن دەيتتىم، رەيھان. ئانام دادام ئۈچۈن ئوتقا كىرەلەيتتى، سۇدا ئاقالايتتى، دادامنى ھۆرمەتلەيتتى. لېكىن، دادام ئانامنىڭمۇ نورمال ئادەملەرگە ئوخشاش موھتاجلىقى،

تەشنالىقى، گۈش يۈرىكى بارلىقىنى بىلمەيتتى. قايسى ئىش، قايسى سەۋەبتىن دېگەن بولغىيتتىم ئۇنىسى ئېسىمدە يوق، بىر قېتىم ئانامغا:

— ئانا، دادامدىن ئاجرىشىپ كەتسەك بولمامدۇ؟ — دېسەم، ئانام:

— سىلەرنى يېتىم قىلغۇم كەلمەيدۇ، داداڭدىن ئاجرىشىپ كەتسەم سەھراغا چوڭ داداڭلارنىڭ ئۆيىگە كېتىدىغان گەپ، سىلەرنى توپىغا بۇلىغىم يوق. تۇل ئۆتكىلى تېخى بولمايدۇ. ئاق تۇماقلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، چاپىنىنىڭ تۆپىسىدىن باغلىۋالغان بەلباغلىرىنى پۇلاڭشىتىپ يۈرىدىغانلار «ئالاي» دەپ كىرسە، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ....... — دېگەن.

شەھەرنىڭ پاكىز تۇرمۇشى، دادامنىڭ ئەرلەرگە خاس سۈرى، فورمىلىرىنى كىيىپ يۈرسە قارىغانلا ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك سالاپىتى ئانامنىڭ تاللىشى بولغانىكەن. بۇ خىل تاللاشنىڭ بەدىلى تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېيتىپ بېرەلەمدىغاندۇ؟ دادامنىڭ ماڭا بولغان ئامراقلىقىغا كۆز يۇمۇپ تۇرۇپ ئانامنىڭ تەقدىرىدىن ئۆكۈنۈشۈم، جاھىللارچە تاللىغان تۇرمۇش يولۇمنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئايلانغان بولسىچۇ؟ غەيرەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئون نەچچە يىلنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ئائىللىق بەختى بۇگۈنكى كۈندە چۇل - چۇل بولغان ئەينەكتەك پارچىلىنىپ

تۇرۇپتۇ، ئاياللىق قەدىرىم سۇندى...... بۇ مېنىڭ ئارزۇ قىلغانلىرىممىدى؟

ئالدىنقى ھەپتە قىزىم گۇلىيار بىلەن يەسلىدە بىللە ئوقۇيدىغان بىر قىز ئانىسىنىڭ «د د ۋ»نى يۆتەل دورىسى دەپ خاتا بېرىپ قويۇشى سەۋەب- لىك ئۆلۈپ كەتتى. بۇ پاجىئەنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تىمەن. قىزنىڭ ئانىسىغا قىزىنىڭ ئۆلۈمى، ئۆزىنىڭ خاتالىقى قوشۇلۇپ قانچىلىك ئەلەم بولغاندۇ، ئانا بەرداش- لىق بېرەلەرمۇ؟...... دېگەنلەرنى ئويلاپ، قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئانچە تونۇش- مىساممۇ ئۇلارغا تەسەللى بەرگۈم كېلىپ، داستىخان تەييارلاپ ئۇلارنىڭكىگە باردىم. قىزنىڭ ئانىسى ماڭا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلىۋىدى، مەن قىزنىڭ ئانىسىغا ئەمەس، قىزنىڭ ئانىسى ماڭا تەسەللى بەرگۈدەك ئىزىلدىم. شۇ ئەسنادا:

— قىزىم كەتتى، قىزىمنىڭ بېشىغا سەن چىقتىڭ دەپ ئېرىم مېنى قويۇپ بېرەرمۇ، — دېدى قىزنىڭ ئانىسى......

رەيھان، ئۆزۈمنىڭ دەردى ئاز كەلگەندەك، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىمەن دەپ يىغىۋاشتىن ئاچچىق يۇتتۇم. ئېرى قويۇپ بەرگەن ئايالنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلگىنىنى، چالما- كېسەككە قالغىنىنى، جامائەتنىڭ يىتىملىك كوچىسىغا ئىتتىرگىنىنى، خىزمەتتىن تازىلانغا-

-ىنىنى ۋە ياكى ئىشتان - پايپاقلىرىنى سېلىپ كوچىغا چىقىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ تۇرۇپلا ھېلىقى ئايالغا ئاچچىقىم كەلدى. ئېرى قويۇپ بەرسە نېمە بوپتۇ؟ بىر ئانىنىڭ مۇشۇ خىل ھالەتتە ئويلىغىنى شۇ بولسا، ئېرى ئۇنى نەچچە قېتىم، نەچچە ئون قېتىم قويۇپ بېرىشى كېرەك.

بۇ ئىش مەندە ئۆتەلمەيۋاتقان قىيىن ئۆتكەلدىن بىرسى قولۇمدىن تارتىپلا ئۆتكۈزگەنـ-ـدەك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. غەيرەت مېنى قويۇپ بېرىشكە باھانە تاپالماي ئۇنى - بۇنى دەپ قىينىلىپتۇ، مەن ئۇنى تۇتۇپ قالىمەن دەپ ئۇنداق - مۇنداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپـ-ـتىمەن. بىز بىرقانچە يۈز يىل ياشايدىغاندەك يۈرەك يارىسى تېپىپ تىركەشكىچە، غەيرەتمۇ كۆڭۈلسىز ئائىلە تۇرمۇشىدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىغا يەتمىسۇنمۇ؟ مەن باللىرىمغا ئەقىل كىرگەندە، دادىغا موھتاج بولغاندا «ئانام بولسىمۇ ئېغىرلىق قىلغان بولسا......» دەپ قالارمۇ دېگەنلەرنى ئويلاپتىكەنمەن - يۇ، باللىرىممۇ ماڭا ئوخشاش «ئانا، دادامدىن ئاجرىشىپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟» دېيىشى مۇمكىنغۇ دېگەنلەرنى ئويلىماپتىـ-ـكەنمەن...... (مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ يەنە يۈرىكىم ئېچىشتى. چۈنكى، مەن بىر ئانا تۇرسام!)

غەيرەت بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش كاللامدىن ئۆتكەندە، ئانامنىڭ قوشاق قوشۇپ يىغلاشلىرى مېنى بىئارام قىلدى. بىچارە ئانام ھاياتتا ئەرزىمەيدىغان بەدەللەرنى تۆلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ نەقەدەر ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغانىدى. ئۇنداقتا مەنچۇ؟ كۆز قارىشىم، تەقدىرىم ئانامدىن قانچىلىك پەرقلەندى؟ ئايال بولۇشنىڭ ئۆزى ئوخشاشلىق، ئانا بولۇشنىڭ ئۆزى ئوخشاشلىق تۇرسا، كۆز قاراش، تەقدىردىكى ئوخشىماسلىقنىڭ زور بولۇشىدىن ئۈمىد بارمۇ؟......

رەيھان، غەيرەت مېنىڭ ئارزۇيۇمدىكى ئەر ئىدى. ئۇ ماڭا كۆيۈنەتتى، ماڭا كۆيگەنىدى. كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىققا ئىشىنەلمىگەنسېرى ياخشى ئۆتكەن كۈنلەر ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەردەك كۆز ئالدىمدا قېتىپلا تۇردى. لېكىن، مېنىڭ بۇلارنى كۆرگۈم يوق، ئەسلىگۈم يوق، تىلغا ئېلىپ يازغۇممۇ يوق! بۈگۈنۈم ئىچىدە ئاچچىق يۇتۇپ تۇرۇپ ئىلگىرىكى غەيرەتنى سېغىنغۇدەك دەرمانىممۇ قالمىغاندەك تۇرىدۇ......

خوش، خېتىمنىڭ داۋامىنى كېلەركى قېتىم يازاي.

— پەرىدەدىن.

## 3

مۇشۇ كۈنلەرنى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە باغلىنىپلا ئۆتكۈزدۈم. بىر كۈنى ئانام ئوغلۇمدىن:

— بالام، ئاناڭ بىلەن داداڭ ئاجرىشىپ كەتسە سەن كىمنىڭ يېنىدا تۇرىسەن، — دەپ سوراپتۇ. ئوغلۇم تۇرۇپ كېتىپ:

— بەشىنچى قەۋەتتىن ئۆزۈمنى يەرگە ئاتىمەن، ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

رەيھان، ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن بالىنىڭ نېمە تارتقۇلۇقى بۇ؟ ئانامنىڭ ئوغلۇم بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىنى، قېيىنئانامنىڭ ئۆيگە داستىخان قىلىپ بېرىپ ئۆينىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كۈچ چىقىرىشىنى ئۆتۈنگەنلىكىنى...... نەچچە ھەپتىلەردىن كېيىن ئانامدىن ئاڭلىدىم. ئاڭلاپلا ئانامغا كايىپ كېتىپتىمەن. دەردىمنى كىمدىن چىقىرىمەن؟ ئانامنىڭ دەردلىرىگە تەسەللى بولالايمەنمۇ؟ قېيىنئانام ئانامغا غەيرەتنىڭ پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئانامغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن، ئوغلۇمنىڭ گەپلىرىدىن ئانامنىڭ يۈرىكى تىلىم-تىلىم بولۇپتۇ...... مەن قانداق قىلاي؟

ئىرادەم يەنە تەۋرىنىپ تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە

ئۆيگە قېيىنئانام بىلەن قېيىنئاچام كەلدى.
دىلخەستىلىكنى قايرىپ قويۇپ ئۇلار ئۈچۈن پايپېتەك بولدۇم. قېيىنئانام، قېيىنئاچام تۈزۈتلىرىمگە، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا پەرۋامۇ قىلمىدى. مەندىن ھېساب ئالماقچى بولغاندەك، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەندەك بىر كەچ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كۈنى غەيرەتمۇ ئۆيگە كەلمىگەنىدى. دادىسىنىڭ خەقىشنى قىلغان ئوغلۇمغا چوڭ ئانىسى، ھاممىسىنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم، رەيھان. ئەتىسى ئۇلارغا ناشتىلىق قىلىپ بېرىپ ئىشقا مېڭىۋىدىم، چۈشتە كەلسەم ئۇلار يوق.
— ئاپا، قارا، تامنىڭ تۈۋىدىكى نېمە توپا؟
چۈشلۈك ئارام ئېلىشنىڭ قىسقىلىقىدا ئالدىراش تاماق قىلىۋاتسام، ئوغلۇم قولۇمدىن تارتىپ سۇخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن باشلىنىپ، ئاشخانا ئۆينىڭ سىيرىلما ئىشىكىنى كېسىپ ئۆتكەن كىچىك ئارغامچا چوڭلۇقىدىكى توپا يولنى كۆرسەتتى.
— ئۆيدە چايان يوقتۇ ـ ھە، ئاپا؟ تامنىڭ بىرەر يېرىنى تېشىپ چىقىپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتكەنمىدۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ قورقۇمسىراپ.
— ئۇنداق ئەمەستۇ، قورقما. ئوغۇل بالا چاياندىن قورقامدۇ، تاماقنى يەپ بولۇپ، قاراپ

باقايلى جۇمۇ، ــ دەپلا ئىشىمنى قىلىۋېرىۋېتىمەن.

ــ توپىنىڭ ئارىسىدا بىرنەرسە باركەن ئاپا!

ئوغلۇم چىمدىپ ئالغان توپىنى ئالقىنىغا قويۇپ يېنىمغا ئەكىرىپتۇ. توپىنىڭ ئارىسىدىكى تېرىقكەن. بىر چاغلاردا قېيىنئانامنىڭ ئاغزىدىن تېرىق بىلەن توپىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇپ نىشانلىغان ئۆيگە چېچىۋەتسە، شۇ ئۆي تېرىقتەك چېچىلىپ ۋەيران بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاڭلىغانىدىم. چوڭ قېيىنئاچام مۇشۇنداق يامان غەرەزنىڭ قۇربانلىقى بوپتىكەنمىش. تۇۋا، ئوغلۇمنىڭ ئالقىنىدىكى توپىغا ئارىلاشتۇرۇلغان تېرىقنى ئالقىنىمغا تۆكۈۋېلىپ، سۇخانا بوسۇغىسىدىن ئاشخانا ئۆيىنىڭ سېيرىلما ئىشىكىنى كېسىپ ئۆتكەن توپا يولىغا قايتىدىن قارىغىنىمدا غەزەپتىن تىترەپ كەتمىگىنىمگە، بوغۇلۇپ يىغلىۋەتمىگىنىمگە، ئەكسىچە ئوغلۇمنىڭ دىققىتىنى تېزلا بۇراپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن بولۇۋالالىغانلىقىمغا ھەيران بولىمەن. ئىشىنەمسەن، شۇ كۈنى ئەتىگەن ياتاق ئۆيىنى سۈپۈرۈپ چىقىپ، سۇخانا، ئاشخانىنىڭ بوسۇغىسى، ئىچلىرىنى ئەستايىدىل تازىلىغانىدىم...... ئادەم خارلىقمۇ بۇ؟ راستتىنلا سۇنىڭ بېشى لايكەن ئەمەسمۇ؟

غەيرەت بىلەن توي قىلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، قېيىنئانامنىڭ كاللىسىدىن

ئۆتمەيدىغىنى غەيرەتنىڭ ماگا، بىزنىڭ ئۆيدىـ-
كىـلەرگە ماھىـل بولـۇپ كەتكەنلىكـى ئىـدى.
ھۆرمىتىنى قىلىپ تۇرسامۇ «مېنى سەھرالىق
دەپ چوڭ بىلمەيسىز» دەپ قوياتتى. مۇنداق
چاغلاردا غەيرەت «ئانامنىڭ مىجەزى شۇنداق،
كارىڭىز بولمىسۇن» دەيتتى. ئۆزۈم بىلىپ -
بىلمەي قېيىنئانامنىڭ ئالدىدا چوڭچىلىق قىلىپ
قالغان بولغىيمىدىم؟ مۇھەببەتنىڭ شەخسىـ-
يەتچىلىكىدىن غەيرەتنىڭ ئانىسىغا بولغان
مېھرىنى پارچىلىغاندىمەنمۇ؟ ئىشقىلىپ مەنمۇ
بارلىق ئىنسان قاتارى خام سۈت ئەمگەنلەردىن،
قېيىنئانامنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ تەرەپلىرىمنىڭ
بولماسلىقىمۇ نورماللىق ئەمەس. لېكىن، غەيرەت
بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى بۇزۇلۇشنىڭ
سەۋەبىمۇ بۇ ئەمەس. غەيرەتنى چوڭ بىلىدىغان
بىچارە ئايالنىڭ نەزىرىدە زۆرۈر تېپىلسا غەيرەت
«ئاق» دېسە «ئاق»، «قارا» دېسە «قارا»
بولىدۇ. مۇنداق بولۇش بۇ ئائىلىدىكى قائىدە.

مەن قېيىنئانامنىڭ قىلىقلىرىدىن قاتتىق
ئاغرىنىپ تۇرۇپ، ئانا - بالا بىرلىشىپ بۇ
ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىمگە دەۋەت قىلىۋاتسىمۇ،
نېمىشقا ئارىنى ئوچۇق قىلىپ، ئايالىق قەدرىم
بىلەن رېئاللىققا يۈزلەنمەيمەن، دېگەنلەرنى
ئويلىدىم. ئەمدىلىكتە غەيرەت بىلەن ئاجرىشىپ
كېتىش ئىشنى ئوغلۇمنىڭ كاللىسىدىن قانداق

ئۆتكۈزۈش ئۆتكىلى مېنى قىينىدى. ئانامنىڭ، مېنىڭ يۈرىكىم ئوخشاشلا «بالام ئۈچۈن» دەپ قانىغاندا، قېيىنئانامنىڭ يۈرىكى «بالام» دەۋېتىپ قاتتى......

ماڭا ئەقىل كۆرسەتكىن رەيھان،
مەن بارلىق ئاياللار بىرلىشىپ «نېمانچە يۈزى قېلىن ئاياللارسىز، ئېرىڭىز قاراپمۇ قويمايۋاتسا چاپلىشىۋېلىپ نېمە قىلىسىز، ئاياللارنىڭ ئىززىتىنى يوق قىلىپ!» دەپ يۈزۈمگە تۈكۈرگىچە ئىككى بالامنى باغرىمغا بېسىپ، ئۇلارغا ھەم ئانىلىق، ھەم ئاتىلىق مېھرى بېرەلىگۈدەك جۈرئەتكە كېلىۋالاي!
سېنى سېغىنىپ:
— پەرىدە

4

رەيھان، «ئايرىلغانغا ئۈلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دېگەندەك، ئۆيىمىزنىڭ ئۆي بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىد بولمىسىمۇ، غەيرەتنىڭ سوت مەھكىمىسىگە سۇنغان ئەرزىگە ئاساسەن سوت مەھكىمىسىدىن ئىش ئورنۇمغا ئەۋەتىلگەن چاقىرىقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ روھىم چىقىپلا كەتتى. غەيرەت ئەرزىدە «بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇھەببەت يوق. ئايالىمنىڭ ئۆيدىكىلىرى مېنىڭ ئانامنى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىمنى

كۆزگە ئىلمايدۇ......» دېگەنىدەك گەپلەرنى يېزىپتۇ، ئاخىرىدا ئاجرىشىشنى تەلەپ قىپتۇ. تېخى يېقىندىلا بىر ئوقۇتقۇچى ئەر - ئايالنىڭ ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولۇپ سوتلاشقاندا، ئەرنىڭ «ئايالىم ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى قىلىدۇ، پۇلدىن بىر سىنتىنىمۇ ماڭا تۇتقۇزمايدۇ، ئوقۇغۇچىلارنى كېۋەز تەردۈرۈش ئەمگىكىدە مەكتەپكە ئۇقتۇرماي 2000 يۈەننى يانچۇقىغا سېلىپ، بۇنداق قىلغىنىڭلا خاتالىق دېسەم ئۇنىماي، بىر تال ئۆزۈك ئېلىپ سالدى. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئەخلاقىغا خىلاپ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ خوتۇن قىلىپ بوپتۇ، ئەتە - ئۆگۈن ماڭا ئاۋارىچىلىك تاپىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئاجرىشىمەن، مۇنداق خوتۇننى خىزمەتتىنمۇ ھەيدەش كېرەك......» دېگەنلىكىنى، ئايالىنىڭ نەق مەيداندىلا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئاجرىشىش نىيىتىدە بولدىمۇ ئوتتۇرىغا تاشلىغۇدەك سەۋەب بولۇش كېرەك. بىزنىڭ مۇھەببەتلىك ئۆتكۈزگەن ئون نەچچە يىللىق تۇرمۇشىمىز ئىنكار قىلىنغان بولسىمۇ، غەيرەت ئۆز مەسئۇلىيىتىگە كۆزىنى يۇمغان ھېلىقى ئەردەك خىزمەتتىن ھەيدەشكە ئەرزىيدىغان توقۇناق سەۋەبلەرنى ئىزدەيمەن دەپ ھەرەج تارتماپتۇ، ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە مەنچىلىك بىر

زىيالىيننىڭ خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەي-
-دىغان روھىغا، ئاياللىق پەزىلىتىگە ھاقارەت
قىلماپتۇ.

رەيھان، ئائىلىدىن بىزار بولۇشىنىڭ، تەبىئەتتىكى ۋەھىمىنىڭ، جەمئىيەتتىكى بىزارلىقنىڭ ھەممىسىدىلا مۇھەببەتسىزلىكتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈش بارغۇ؟ غەيرەتنىڭ باشقا بىر ئايالنى دەپ، مەندىن، باللاردىن كېچەلى-
-گەنلىكىگە قاراپ، مېنى ئەيىبلىمەكچىمۇ بولۇۋاتا-
-قانسەن. راست، مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم: غەيرەت مېنى مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتى...... مەن غەيرەتنىڭ مۇھەببىتىگە ئاياللىقىمنى ئۇنتۇپ جاۋاب بەرگەن ئوخشايمەن!

تەسەۋۋۇر قىلدىڭمىكىن، نە يوپۇرمىقى، نە بىرەر تال غۇنچىسى بولمىغان ھېلىقى گۈلدىكى مەھرۇملۇق خۇش ھىدىنىڭ سەلكىنى بولال-
-مايدىكەن. لېكىن، بۇ مەھرۇملۇق گۈلنىڭ ماھىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدىكەن.



# يولدىشىمنىڭ مۇھەببەت خاتىرىسى

مۇھەببەتنىڭ، خۇشاللىقنىڭ دۆلەت، مىللەت ئايرىمىسى بولمايدۇ. شۇڭىمۇ مەن بايرام، خاتىرە كۈنلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيمەن. يېقىن كىشىلىرىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئېسىمدە ساقلاشنى، ياخشى تىلەكلىرىمنى تۈگىنىشنى تۇرمۇش تەرتىپلىرىمدىن ئىزدىگۈم كېلىدۇ. خاس كۈنلەرنىڭ بايراملىق تۈسىنى ساقلاشنىمۇ بىر خىل گۈزەللىك ھەم بەخت دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئاشۇ كۈندە مۇھەببەت يادلىنىدۇ......

— مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئېسىمگە سالىدىغان بىردىنبىر ئادەم سىز، — دېگەنىدى ئۇ ئەينى چاغدا تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىگىنىمدە.

ئۇنىڭ ھاياجىنى مېنى سۆيۈندۈرگەن، ماڭا ئۈمىد بېغىشلىغانىدى. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتتى، ئۇنىڭ داغدۇغىسىز، ئەمما چوڭقۇر ئەقىدەمگە ئايلىنىپ كەتكەن تۇغۇلغان كۈنلىرىدىنىمۇ نەچچىسى ئۆتتى. مەن بۇ قېتىم ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ ئالبوم ئىشلىتىشنى، ئالبومغا ئۇنىڭ بالا چاغلىرىدىن باشلاپ، بالىلىق

بولغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى سۈرەتلىرىنى تاللاپ كىرىشتۈرگەندىن كېيىن، باش بېتىگە تىلەكلىرىمنى ئۆزگىچە شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرغۇزۇشنى خىيال قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. بۈگۈن يولدىشىمنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى سۈرەتلىرىنى ئىزدەۋېتىپ، ئۆزۈمچە ئالبوم ئىشلىتىشنى ئويلىغىنىمدىن خۇشال بولۇپ قالدىم. شۇڭا، ئالبومغا كىرگۈزمەكچى بولغان رەسىملەرگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگۈم كەلدى. شۇغىنىسى ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى سۈرەتلىرى تېپىلمايۋاتاتتى. بىراق، مۇھىم بىرنەرسە — يولدىشىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى قولۇمغا چىقىپ قالدى. ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇمۇنۇپ تۇرۇپ، چۈشىنىكسىز بىر كەيپىياتتا خاتىرىنى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئوقۇشقا باشلىدىم......

1992 - يىلى 16 - فېۋرال

ئۇنىڭ ھەپتىدە بىر كۈنلۈك ئارام ئېلىشلىرىمۇ ئازلاپ كەتتى. مانا بىز كۆرۈشمىگىلى ئىككى ھەپتە بوپتۇ. «خىزمەت ئىشى بىلەن بۇ تەرەپكە ئۆتكەن» دېگەننى باھانە قىلغىنىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ ئۇنى يوقلاپ كەلدىم. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا قەلبىم ئىللىدى......

مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ مەكتەپتە تونۇش-قان، مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلىگەن بىرنەچچە ئاي مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەن، مەن دەل مۇشۇ يەردىن مۇھەببەتنىڭ مەنىسىنى تاپقانىدىم. شۇڭىمۇ ھازىرقى ئىش ئورنۇم بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقى بولغان بۇ جاي مەن ئۈچۈن مېھرلىك تۇيۇلدى. مەن ئۇنىمۇ، بۇ جاينىمۇ ئوخشاشلا سېغىنىپتىمەن!

ئۇ مېنى ياتىقىغا باشلاپ كىرگەندە، ياتاقنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئۆز ھىدىمنى پۇرىدىم: ياتاقنىڭ كىچىككىنە دېرىزىسىدىكى بوتۇلكىغا سېلىنغان قومۇش پۆپۈكى، مەن يۆتكىلىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا قالدۇرغان تام رەسىم، رەسىمدىكى قارلىق دالىدا يىراقلاپ كېتىۋاتقان يانداش ئىز، مەن تامغا مىخلاپ بەرگەن چىراغدان، تار ئۇستەل ئۈستىدىكى رامكىغا سېلىنغان ئىككىمىزنىڭ تويلۇق سۈرىتى......

مەن دەقىقە ئىچىدە شېرىن ئەستىلىكلەرگە غەرق بولۇپ چىقتىم. شۇ ئەسنادا ئۇ كىچىك بالىدەك ماڭا ئېسىلىۋېلىپ، ھېلى يىغلاپ، ھېلى كۈلگىلى تۇردى. مەن ئۇنى ئېچىرقاپ تۇرۇپ باغرىمغا مەھكەم باستىم. ھېس قىلدىمكى، بىزنىڭ ئىككى ئارىلىقتا تۇرۇپ دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىمىز مېھرىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتىپتۇ.

مەن قايتماقچى بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، خەت - چەك تارقاتقۇچى ئۇنىڭغا «سىزگە خالتا كەپتۇ» دەپ بىر پوسۇلكىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ كونۋېرتنى ئېلىپ «مۇختەر مۇئەللىمدىن كەپتۇ، كىتاب ئوخشايدۇ» دەپ چۈشەنچە بەردى ماڭا. مېنىڭ ئۇنىڭ چۈشەنچىسىگە قارىتا ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىگەنلىكىمنىڭ، ئاپتوبۇسقا چىققان چېغىمدا ئۇنىڭغا تارتىشىپ كەتمىگىنىمنىڭ ئۇنى قانداق ئويلارغا سالغىنىنى بىلمەيمەن. مەن يول بويى چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام بولدۇم. ئېنىقكى، مەن قىزغىنىشتىن ئازابلاندىم.

بىز توي قىلىپ بىرەر ئايدىن كېيىن، مۇختەر مۇئەللىم بىرنەچچە ئوقۇغۇچىسىنى باشلاپ بىزنىڭ پەقەت ئىككىمىزلا سىغىپ تۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزگە كەلگەن. لوڭقىغا سېلىنى- غىنىغا قارىماي قۇچاققا پاتمىغۇدەك چېچىلىپ تۇرغان قىپقىزىل خىرۇستال گۈل بىلەن بىزنىڭ بەختىمىزنى قۇتلۇقلىغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇ ئادەمنى تونۇغان، ئۆزگىچە دۇنيا قاراشقا ئىگە، ئىلغار پىكىرلىك ئۇ ئادەمگە ھۆرمەت بىلەن قارىغانىدىم. مەن مۇختەر مۇئەللىمنىڭ ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنى يېتىلدۈرگەن، ئۇنى تەربىيەلىگەن ئۇستازى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايتتىم - يۇ، بۈگۈن نېمىشقىكىن ئاچچىقىمنى يۇتۇۋېتەلمىدىم.

ئېنىقكى، ئۇنىڭ پوسۇلكىنى تاپشۇرۇپ ئالغان چاغدىكى خۇشاللىقى ماڭا ھار كەلدى.

ھېلىقى بىر قۇچاق خىرۇستال گۈلنى لوڭقىسى بىلەن بىللە ئەخلەت چېلەكگە تاشلىۋېتىپ ئولتۇرۇپ خاتىرە يېزىۋاتىمەن. مەن ئۆزۈمگە ۋەياكى ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى بارلىقىمنى ئاتاپ تۇرۇپ سۆيگەنلىكىمدىن ئەقلىمگە ئىگە بولالمىغاندەك تۇرىمەن……

25 ـ فېۋرال

ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭ چىرايىدىكى سىرلىقلىقا قاراپ كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولغان بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىغان بىلەن، مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىشى مېنىڭ روھىمنى ئاجىزلاشتۇرۇۋاتامدىكىن، ھېلىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بىمەنە خىياللار مېنى پاراكەندە قىلىۋاتاتتى.

ــ مەن ئۆلۈپ كەتمەيمەن، نېمانچە جىددىيلىشىسىز؟ــ دەيدۇ ئۇ باغرىمغا چۆكۈۋې-تىپ. مەن ئۇنى باغرىمغا تېخىمۇ چىڭ بېسىپ،

گەپلىرىمنى ئىچىمگە يۇتىمەن، بەختىمىزگە كۆز تەگمەسلىكىنى تىلەيمەن......

19 ـ مارت

كېچىچە ئۇنىلا چۈشەپ چىقتىم. مەن ئۇ ئىشلەۋاتقان مەكتەپكە بېرىپتىمەن. بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭغا سوغۇق نەزىرى بىلەن قاراپ، ئاچچىق تىللار بىلەن ئەيىبلەۋاتقۇدەكمىش. ئۇلار مېنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەدەپ، ۋارقىراپ، جارقىراۋاتقۇدەكمىش. ئۇ بولسا قەددىنى تىك تۇتقىنىچە تۈپنى بۆسۈپ ئۆتۈپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەكمىش. بىردىنلا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئورىۋاپتۇدەك.

ــ مۇئەللىم، بىز سىزنى ياخشى كۆرىمىز!...... ــ دەپ توۋلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قاپتىمىش...... مەن ئۇنى ئوقۇغۇچىلار دېڭىزى ئىچىدە يىتتۈرۈپ قويۇپتىمەن. ئۇنى چاقىرغىنىمچە ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپتىمەن...... ئاخىر ئاۋازىم چىقماي، گېلىم بوغۇلۇپ، سوغۇق تەر باسقان ھالدا ئويغىنىپ كەتتىم.

سائەتمۇ 2دىن ئېشىپتۇ. ئەمدى ھېچ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ بالىنىستىن چىققىلى نەچچە كۈنلا بولغانىدى. ئۇ بالنىستتا يېتىشقا توغرا كەلگەندە، بىز ھەقىقەتەنمۇ تەتۈر

قىنالدۇق. ئىشنىڭ جىددىيچىلىكى، رۇخسەت سوراپ يۈز قىزارتىۋېرىشنىڭ تەسلىكى، تەڭ-قىسچىلىقتا ئۇنىڭ ياخشى كۆتۈنۈلمەسلىكى، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپ ئىشقا چۈشۈپ...... ئىختىيارسىز ھالدا ئىچ پۇشۇق-لىرىمغا ئايلانغانىدى. مانا ئەمدى ئاشۇ كەيپىيات-لىرىم كېچىدىمۇ مېنى ئارامىمدا قويمىدى.

ئەتىگەن بەدەنلىرىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەنىدەك ئاغرىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپتىمەن. ناشتىمۇ قىلماي ئىشقا كەلدىم. قولۇم ئىشقا بارماي بىرئاز ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، خۇددى ئۇ كېلىپ قالىدىغاندەك ئاپتوبۇس بېكىتىگە چىقىپتىمەن. كۆڭلۈمنىڭ تۈيغۇنلۇقى ئاجايىپ بولىدىكەن، ئۇ شوپۇردىن خەت ئەۋەتىپتۇ...... ئۇ خېتىدە كېچىچە مېنى چۈشەپ چىققانلىقىنى، چۈشىدە مېنى يوقتىپ قويۇپ جۆيلۈپ ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى يېزىپتۇ. ئاخىرىدا بىر پارچە ئەسىرىنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىنغانلىقى، ئۇ گېزىتنى تېپىش ئىمكانىيىتىمنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپتۇ.

بۈگۈنكى مۇھىم خىزمىتىم ئىشخانىمۇ ئىشخانا يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەسىرى ئېلان قىلىنغان گېزىتنى تېپىش بولدى. ئۇنىڭ ئەسىرى شۇنداق ئاتلىق چىقىپتۇ. توساتتىن ئۇنىڭغا: «قولىڭىزدىن قەلەم چۈشۈپ كەتسە، سىزنىڭ باشقا ئايالاردىن

پەرقىگىــــز بولمايــــدۇ» دەپ مەدەت بەرگىـــــنىم ئېسىمگە كەلدى ـ دە، ئۆزۈمدىن مەمنۇن بولۇپ قالدىم.

21 ـ ماي

كـۈن سـاناپ ھەپتىنىـڭ تـۆتىنچى كـۈنى بولـدى. بىرىمىـز ئـۇ يەردە، بىرىمىـز بـۇ يەردە بىـر ـ بىرىمىزنـى سـېغىنىش بىـلەن كـۈنلەر ئۆتۈۋاتــدۇ. قاچـانلاردا كـۈنلەرنى ساناشــتىن قۇتۇلارمىز؟ مېنىڭ ھازىرلا يـۆتكىلىش ئىلتىماسـى يېزىــپ، يېزىغـا كېتىــپ ئۇنىــڭ بىــلەن بىلـلە ئىشلەپ، مۇكەممەل ئائىلە بەرپا قىلىپ ياشىساق دەيــدىغان خىيــالىم بــار. لـېكىن، ئـۇ مېنىــڭ شەھەردىكى ياخشى خىزمەت ئورنـۇمنى تاشـلاپ، يېزىغا بېرىشىمنى خالىمايدۇ. ئۇنىـڭ خىزمىتىنـى يۆتكەش ئوڭاي ئەمەس. مۇشۇ مەسـىلىدە ئۇنىـڭ ماڭا بولغان مېھرىدىن گۇمانلانغۇم كېلىدۇ......

مەن يېــزىـدا تـۇغـۇلـۇپ چـوڭ بـولـدۇم. ئـالـىي مەكتەپنـى پۈتكـۈزۈپ شـەھەردە خـىزمەت قىلىۋاتقىنىمغا بىرقانچە يىل بولۇپ قاپتۇ. پاكىز، چىرايلىق ئىشخانىلاردا مەشغۇلات قىلىپ، ئاسفالت يوللاردا مېڭىپ يۈرسەممۇ، ئىشتىنىمنىڭ پۇشقاقـ ـلىرىنى تۈرۈۋېلىپ، توپىلىق يـوللاردا پۇتۇمنىـڭ ئـالىقىنىنى راھەتلەنـدۈرۈپ يالىڭايـاغ مېڭىــشنى؛ خورازنىــڭ چىلىلــشىنى ئــاڭلاپ ئويغىنىــشنى؛

ھويلىمىزدىكى سۇپىدا ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇشۇپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن گۇڭگۇر - مۇڭگۇر ئۆتكۈزگەن كەچلەرنى سېغىنىمەن. تەبىئەتنىڭ كەڭ ئېتەكلىرىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھاياتلىقنى داۋام ئېتىشنى تولىمۇ مەنىلىك قىياس قىلىمەن. ئۇنىڭ ئىجادىيەت تۇيغۇنى ئەنە شۇ گۈزەللىكلەر بىلەن بىرلەشتۈرىمەن.

ئۇ سەھراغا ئامراق، سەھرا باللىرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى، ئۇ باللار بولسىلا ئۇ مېنىمۇ ئۇنتىدىغاندەك ئويلاپ قالىمەن، قىزغىنىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىش ئارزۇسىدا بولۇشىنى نېمىشقىدۇر مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك نورمال ئىش قاتارى چۈشىنەلمەيمەن. يېزىدىن شەھەرگە كېلىشكە قارىغاندا، شەھەردىن يېزىغا بېرىشنىڭ يۆتكىلىشتىكى راۋان يولىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بالدۇرراق جەم بولۇشقا جۈرئەت قىلمىغانلىقىمىزنى ئەخمەقلىق دەيمەن. چۈنكى، مەن ئۇنى سۆيىمەن......

5- ئۆكتەبىر

ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئارام ئېلىشى توشۇپ يەنە كەتتى، مەن يالغۇز قالدىم. يالغۇزچىلىق

ماڭا ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىنى ئۇنتۇلدۇردۇ، قورسىقىم ئاچقاندىلا ئىشخانىدىن چىقىمەن. مۇنداق چاغلاردا بىز ئۆيىمىز دەپ قارايدىغان كىچىككىنە بىر ئىغىز تۇرالغۇ سوغۇقنى چىللاپ تۇرغان بولىدۇ، مەن بۇلارنى هار ئالىمەن......

بۈگۈن بۆلۈم مەسئۇلىمىز يارامغا تۇز سېپىپ:

— ياسىنجان، كۆز ئالدىمىزدا پۈرىسا - پۈرىسا پۈرىغۇسى كەلگۈدەك قىزىلگۈللەر تۇرسا ياۋا گۈلنى ئۈزۈۋالدۇق، ئەمدى پۇشايمان قىلىپ قالمىغاندۇق؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ. بۇنداق چاقچاقلار پات - پاتلا بولۇپ تۇرغاچقىمۇ، ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغاندەك تۇيۇلۇپ كۈلۈپلا قويدۇم.

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا نەۋرە سىڭلىم زۆھرەگە تارتىشىپ، زۆھرەگە ئاتاپ ياشلىق خاتىرىلىرىنى يېزىپ يۈرگەنىدىم، تەقدىر بىزنى بىر قىلمىدى.

بىر ئىشخانىدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرغان ئالىيە مىجەزى ياخشى، رەڭگىرويى يامان ئەمەس، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى بار قىز ئىدى. ئەتراپىمدىكىلەر ئالىيە ئىككىمىزنىڭ باش قوشۇشۇپ قېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلاتتى......

بىر قىسىم تونۇش - بىلىشلەر خىزمەت ئورنى شەھەردە، هەر جەھەتتىن تىلغا ئالغۇچىلىكى

بار قىزلارنى ئۆيۈمدىكىلەر ئارقىلىق تونۇش-تۇرغانمۇ بولدى. كۈتۈلمىگەندە مېنىڭ تاللىغىنىم باشقا بىرى — ئۇ بولدى......

تۇۋا، رىزىق دېگەن ئاجايىپ! مەن ئوقۇش پۈتكۈزگەن يىلى ئىككى ئورۇننىڭ تەڭلا تاللىۋېلىشىغا دۇچ كەلگەنلىكىمنى ئەسلىدىم. مېنىڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىرنەچچە ئاي ئىشلەپ تۇرغىنىم، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئائىلە قۇرۇشىمىزغا سەۋەب بولۇپ قالدى. مەن تەقدىرنىڭ بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدىن بىر ئۆمۈر مىننەتدارمەن.

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرنەچچە ئاي ئىشلىگەن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنى، كۆن نۇرى زورۇقۇپمۇ كىرەلمەيدىغان، قاراڭغۇ، نەم، ئەمما كۆپ ھاللاردا پەقەت ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش سورۇنىمىز بولۇپ قالىدىغان ئىشخانىمىزنى، مېنىڭ ياتىقىمنىڭ قارشىسىدىكى مەن ئىختىيارسىز تەلمۈرىدىغان، بىر كېچىلەرگىچە شام ئۆچمەيدىغان يالغۇز ياتاقنىڭ سېھرىي كۆچىنى، ئۇيقۇسىز ئاخشاملارنى...... سېغىنىمەن.

بىلىمەن، ئۇمۇ مېنى سېغىنىدى. ئۇنى ھەر ھەپتىسى يولغا سالغىلى چىققىنىمدا، ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ بولۇپلا مەن تەرەپكە قارىيالمايدۇ. ئېنىقكى، ئۇ كۆز چاناقلىرىغا تولغان

ياشلىرىنى ماڭا كۆرسىتىشنى خالىمايدۇ......

ئۇنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى ھەرقانداق قىيىنچىلىق ھەم ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇ مېنىڭ بارلىقىم، ھاياتىم!

1 - نويابىر

ئىدارەمدىكى قۇرداش خىزمەتداشلىرىم بىلەن ھال - مۇڭ بولۇپ، قارتا ئويناپ، ئانچە - مۇنچە ئىچىشىپ ئۆتكۈزىدىغان كەچلەرنى ئەمدى ئۇ ئاتا قىلغان ئىلھام بىلەن خېلى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم. بوشلا ۋاقتىم بولسا كىتاب ئوقۇيمەن، تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىمەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ماڭا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. گەرچە بىز ئىككى جايدا تۇرۇپ، ئىككىمىزنىلا پاناھلاندۇرالىغۇدەك بىر تۇرالغۇنى «ئۆيىمىز» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، ئىككىمىزدىكى ساغلام روھىي بىرلىك، سەممىي ھېسسىياتلار ماڭا مۇكەممەل ئائىلىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى......

مەن كېلەر يىلقى نويابىرنىڭ ھەربىر كۈنىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈمىدىدە تۇرۇپتىمەن. راستىنى ئېيتقاندا، نويابىر ماڭا يېپيېڭى ئۈمىدنى باشلاپ كەلگەندەك بىلىنىپ خۇش بولۇۋاتىمەن. بۈگۈنكى يەنە بىر خۇشلۇقۇم

يېڭى كەلگەن ژۇرنالدىكى ئۇ يازغان بىر يۇرۇش نەسرلەرنىڭ مېنى ھۇزۇرلاندۇرغىنى بولدى. نەسردە گويا بىز يېزىلىپتۇق. دەرەخلەرنىڭ تامامەن سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى سىلكىپ - سىلكىپ تۆكۈۋېتىدىغان نوياب ئايلىرىنىڭ يېقىشلىق سۈرەتلىرى مۇھەببەتكە تويۇنۇپتۇ...... مەن نەسرلەرنى ئۆز پېتى بۇ قۇرلارنىڭ داۋامىغا كۆچۈرۈپ قويۇشنى توغرا تاپتىم.

× × ×

ئۇ ئايدىڭ كېچە ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قويۇق دەرەخلەردىن ئارتىلىپ چۇشۇۋاتقان ئاي نۇرى ئۆرىمە چاچلىرىمنى سىلاۋاتقاندا، تىترەشلىرىڭنى سەزمەسلىكىم مۇمكىنمۇ؟

تۈن قۇشلىرىمۇ، ھاشارەتلەرمۇ، سۇلارمۇ، شامالمۇ تىنجىغان.

بەلكى ئانام سائەت ئىستربېلكىسىنىڭ چىكىلدىشىدىن ئارامسىزلىنىپ، ئىشىككە تەلمۈرۈپ كۆزى تېشىلگۈدەك بولغاندۇ......

بەلكى سېنىڭ غېمىڭنى غەملەپ، قاتقان بىر جۈپ قول تاماق قاچىسىنى دەممۇدەم تۇتۇۋېرىپ ھارغاندۇ......

ئەتراپ يەنىلا تىنچ......

تاڭنىڭ ئاتماسلىقنى، ئايغىمىز ئاستىـ ـدىكى يولنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقنى تىلەپ، ئۇن - تىنسىز ياندىشىپ ماڭغان شۇ كېچىنى ئۇنتۇش مۇمكىنمۇ؟......

× × ×

مەن ئۈچۈن دەستە - دەستە ياپراقلارنى سوۋغا قىلىش تاسادىپىي ئەقلىڭ ئەمەستۇ، جېنىم؟

سەن كۆلۈشلىرىڭنىڭ سەۋەبىـ مېنى خۇش قىلالىغانلىقىڭدىنمۇ؟ خۇش پۇراق گۈل، ئەتىۋارلىق بۇيۇم، شېرىن سۆزلەرگە ئېتىبارسىز قارايدىغان سادىدىلىقىمنى مازاق قىلغىنىڭمۇ؟

بىلسەڭ جېنىم، كەچ كۈز ياپراقلىرىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغان پېتى زېمىنغا باغرىنى يېقىشى مېنىڭ جەننىتىمنى، سېنىڭ شادلىق ئالىمىڭنى ھېس قىلدۇرالىغانلىقىدىن، ياپراقلارنى ياخشى كۆرگەنمەن.

× × ×

كىشىلەر سېنى كىچىك ئىنژېنېر دېيىشىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن مەن سېنىڭ ئۇستا رەسسام

بولۇپ قالغانلىقىڭنى بىلىمەن...... نېمىشقا ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى سېرىق نۇرغا پۈركەنگەن تەبىئىي توغراقزارلىقنى سىزماستىن، مەن كۆرۈپمۇ باقمىغان نەرسىلەر ئۈستىدە ئاۋارىچىلىك تارتىسەن؟ مېيىقىڭدا كۈلۈپ قويۇپ باش چايقاۋاتىسەنغۇ تېخى؟

توغراقزارلىقتا بىرمۇنچە غازاڭ زەنجىرلەرنى سۆرەپ يۈرگەن كىچىك بالا، كۆزلىرى لىققىنە ياشقا تولۇپ، قاياقلارغىدۇر ئەنسىزلىك بىلەن قاراۋاتقان بوۋاي...... بۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرە ئەمەسمىدى؟

× × ×

سېنىڭ ئاپپاق قارغا چۈمكەلگەن قىشقا مېھرىڭ بار. مەن بولسام غازاڭلار ئۇچۇشۇپ يۈرگەن كەچ كۈزنى ياخشى كۆرىمەن. شۇ تاپتا بىلىمەن قارنى بەك، بەك سېغىنغىنىمنى، «يېڭى يىلدىمۇ قار ياغارمۇ......» دېگەنلەرنى ئويلاپتىمەن ئۆزۈمچە. ئارقىدىنلا سەھەرنىڭ قىن - قىنىغا پاتمىغان يولۇچىسى بولۇپ دالىلارغا تاشلىنىشىڭنى، دەرەخلەرنى سىلكىپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىڭنى، ئالقانلىرىڭنى بوشلۇققا سوزۇپ تۇرۇپ كېتىشلىرىڭنى...... تەسەۋۋۇر قىلدىم - دە، ۋۇجۇدۇم يايرىدى.

ئىشەنــسەڭ جىــنىم، ســوغۇق شــامالنىڭ شۇىرلاشــلىرىدىن بىھوشــلانغان غازاڭلارنىــڭ كەچمىشى ئاپپاق قارنىڭ قوينىدىن تامچىلاپ -- -دىغانلىقىنى مەنمۇ بىلىپ قالدىم.

1993 - يىلى 12 - فېۋرال

يېقىندىن بۇيان خىزمەتتە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدىم. تەرجىمە ئىشلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىممۇ خېلى ياخشى. بۈگۈن ئالدىنقى ئايدا ئېلان قىلىنـ -غان بىرنەچچە پارچە تەرجىمە ئەسىرىمنىڭ قەلەم ھەققى تەگلا كەپتىكەن، ئۇنىڭغا ئاتاپ بىرەر ئەھمىيەتلىك نەرسە سېتىۋېلىشنى ئويلىدىم.

ئۇنىڭ ھازىر ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ ئامال يوق. ئۇنىڭ ئۈچۈن، يات ئەلدە دۇنياغا كۆز ئاچقۇسى پەرزەنتىمىز ئۈچۈن تىنچلىق تىلەپ، ئۆز ئىشىم بىلەن بولۇۋاتىمەن.

ئانامنىڭ «پەرزەنتلەرنىڭ ئايىغى يارىشىپ، مۇشكۈلاتلىرىڭلار ئاسان بولار، بالام......» دېگەن گەپلىرى مېنىڭ ئىچ پۇشۇقلىرىمنى قىسمەن بولسىمۇ يوق قىلىۋاتىدۇ. كۆڭلۈمنىڭ ئۇچۇق تۇرغىنىغا قارىغاندا ئۇمۇ تىنچ ئامان يەڭگىپ، يۈتكىلىش ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇپ، بالىمىزنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىدىن تەڭ زوقلىنىش نېسىپ بولىدىغاندەك...... شۇنداق كۈنلەر

كەلــسە خۇشــاللىقتىن گــاڭگىراپ قــالارمىزمۇ؟ ئاسـتا ـ ئاسـتا قوشـنىمىز سەۋىردىنــنىڭ ئۆيـدە نەچچە كۈندە بىر مەھەللىگە تېتىغۇدەك ئاڭـ ـلىنىپ تۇرىـدىغان قىيا ـ چىياغـا قوشـۇلۇپ، تۇرمــۇش دېــگەن شــۇ دەيــدىغان بولۇپمــۇ قالارمىزمۇ؟......

تۈنۈگـۈن كەچـتە قورۇدىكىلەرنىـڭ ئېسىدە قـالغۇدەك بىـر ئىـش يـۈز بەردى: سـەۋىردىننىڭ ئۆيدە قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلـۈپ، قولـۇم ـ قوشــ ـنىلارنىڭ ھەممىــسى دېگــۈدەك ســەتچىلىككە گۇۋاھ بولدى. ئەسلىدە سەۋىردىن مەست ئۆيگە كىــرگەنىكەن. ئاســيەنىڭ ئــاچچىقى كېلىــپ، ئەزۋەيـلەپ سـۆزلەپ قـاپتۇ. سـەۋىردىن دەردىنـى كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئەينىكىـدىن ئېلىـپ، ئەيـنەك چېقىپتۇ. قوللىرىنى قانىتىپ، ئاۋازىنى قويۇۋېـ ـتىپ يىغلاپتـۇ. كېيىن، ئاسـيە سـەۋىردىننى دولــسىغا ئارتـــپ چىقـــپ ئەخلەتخانىغـــا تاشلىۋېتىپتۇ......

ســەۋىردىن يېــتىم بــالا. ئۇنىۋېرســتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا بىـزدىن يۇقىرى قارارنىـڭ ئوقۇغۇچىــسى بولغىنىغــا قارىمــاي ســەن ـ پەن دېيىشىپ، يۇرتداشـلار قاتـارى ياخشى ئۆتتـۇق. مەن تــوي قىلــپ ئــۆي خىجــالىتى تارتقــان چېغىمــدا، مۇشــۇ ئــۆيىنى ئــۇ تېپىــپ بەرگەن. تېخىمۇ يېقىن ئۆتەرمىز دەپ نىيەت قىلىشىدۇق،

ئويلىمىغان يەردىن بىرىمىزنىڭ باش ئاغرىقى كۆپەيدى، بىرىمىزنىڭ خىجىللىقى.

سەۋىردىنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقلىرىغا تەسەللى بولالمايۋاتىمەن. ئۇ ھاراققا ئۆزىنى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى «دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، ئىچمەي قانداق قىلاي.......» دەپلا خۇلاسىلەيدۇ. ئاسىيە سەۋىردىننى «نىمىشقا ئىچىدۇ» دەپ قاقشايدۇ، ئاسىيەگە نەسىھەت قىلسام، ئۇ نەسىھىتىمگە باقمايدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاپ قالدىم. تۈنۈگۈنكى ئىشنى ئويلىسام، بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كېلىدۇ، بىر تۇرۇپ سەۋىردىنگە ھېسداشلىقىم كېلىدۇ. سەۋىردىن مۇھەببەتكە ھەممىدىن بەك موھتاج ئىدى. مېنىڭچە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئائىلىدە چوڭ بولغان، باللارنىڭ چوڭى دەپ ئەتىۋارلىنىدىغان، تەنتەربىيە كەسپىدە ئوقۇپ، كەسپىگە خاس جاسارىتى كىشىنى ھەۋەسلەندۈرگۈدەك غەمسىز كۆرسىتىدىغان ئاسىيە ئۈچۈن، نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش ھەممىدىن زۆرۈر ئىدى!

ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھقا بولغان مەسئۇلىيەت قارىشىدا ھامان پەرق كۆرۈلىدۇ. ئۆزىنى قەدىرلىمەسلىك نىكاھقا بولغان ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىكقۇ؟ گەرچە رېئاللىقتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى قېلىپقا سالغىلى بولمىسىمۇ، كۆڭۈلنىڭ كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدىغانلىقىنى ھەركىم ھېس قىلىپ يەتسە،

9- ئاۋغۇست

بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، ئەقىدىمىز، دىلشادلىقىمىز بولغان ئوغلىمىز زۇلالنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىغا ئىككى ئاي بولدى (ئوغلىمىزنىڭ پاك، دۇرۇس ئادەم بولۇشىنى ئارمان قىلىپ، مۇشۇ ئىسمنى توغرا تاپقاندۇق، چوڭلارمۇ ئاسانلا قوبۇل قىلدى). كۆرگەنلا ئادەم زۇلالنى ماڭا ئوخشىتىدۇ. ئۇنىڭ كۈلكىلىرى، چۈشىنىكسىز گۈگۈرلاشلىرى....... بەك تاتلىق.

پەرزەنتلىك بولۇشتىن ئىلگىرىكى چاغلار بىلەن پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىنكى چاغلار ئەسلا ئوخشىمايدىكەن. كېچىچە زۇلال قاتتىق يىغلاپ چىقىۋىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. تېخى ئۇنىڭغا «ئانىسى بولغاندىكىن بىر ئامال قىلمامسىز، ئېيتمەمسىز، بالا بىكاردىن - بىكار يىغلامدۇ.......» دەپ ئاچچىقلاپ كەتتىم. ئۇ زۇلالنىڭ يۈزلىرىگە يۈزلىرىنى يېقىپ تارام - تارام يىغلىدى....... بىز تۇنجى قېتىم ئازارلاشتۇق، توي قىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۇق.

بۈگۈن ئىشخانىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بۇ ئىشلارنى خاتىرىگە ئېلىۋاتقىنىمدا، ئۆزۈمگە

كايىشنى ياكى كۆلۈشنى بىلمىدىم. ئىختىيارسىز ھالىدا بىر چاغلاردىكى ئۇيقۇسىز تۈنلەرگە قايتتىم.

بىز ئۇ كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كەچلىك تاماقنى ئۇنىڭ ياتىقىدا بىللە يېيىشنى دېيىشكەنىدۇق. ئۇن، ياغ، تۇز، سۇ، يېسىۋىلەكتىن باشقا خۇرۇجلار يوقلۇقىغا قارىماي، لەگمەن يېگۈمىز كەلدى. ئۇ كۈندىكى لەگمەن شۇ قەدەر يېيىشلىك ھەم ئوخشىغان ئىدىكى، خىجىل بولمىسام ئۈچىنچى قېتىم يەنە يەيتتىم.

ئۇ ئۆكتەبىرنىڭ ئاي تولغان، سەھرا ھۇزۇرلۇق ئۇيقۇغا چۆمگەن كېچىسى ئىدى.

— راست، بەك چىرايلىق كېچە بوپتۇ. خالىسىڭىز ئاي - يۇلتۇزلار بىلەن بىللە سىردىشايلى،— دېدىمەن، ئۇ تاماقتىن كېيىن مېنى ئۆزىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىققانىدا.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيماي ۋاتاتتى. مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە پەقەت ئىككىمىز يالغۇز، ياتاق ئالدىدىكى ئۈجمە دەرىخى شاخلىرى ئارىسىدىن ئاي - يۇلتۇزنىڭ نۇرى سىرغىيدۇ، نېرىراقتىكى كونا سىنىپلار سىرلىق تۈس ئالغان، سىنىپ ئالدىدىكى مەيداندا ئۆنتۈلغان سۇپۇرگە، چېلەكمۇ ئېنىق كۆزگە تاشلىنىدۇ، دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىدە تولغىنىپ تۇرغان قول تىراكتورى ھارغىنلىقنى ئۇنتۇپ،

خىراماندىققا چۈمگەن، يىراقتىن كىملەرنىڭدۇر ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ناخشا توۋلاپ قويۇشلىرى يۈرەكنى تىترىتىدۇ.......

بىز ياققان گۈلخاندىن چىققان چاراس - چۇرۇس ئاۋاز پارىڭىمىزنى ئۈزۈپ قويماقچى بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ بىز پاراڭلىرىمىزنى داۋام قىلىمىز. ئائىلىمىزدىكىلەر ھەققىدە، غايىلىرىمىز ھەققىدە، كەسپىمىز ھەققىدە، تەبىئەتنىڭ سېھرى ھەققىدە.......

مېنىڭ ئۇنىڭ قوللىرىنى قوينۇمغا سېلىپ ئىسسىتقۇم كېلىدۇ، جۈرئەت قىلالمايمەن. تېنىمدە قوزغىلىۋاتقان ھاياجان ئەقلىم ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيدۇ، كىچىنىڭ غۇبارسىزلىقىدىن تەسكىن تاپىمەن. ئۆز تۇرمۇشىمىز ھەققىدىكى تېمىغا بەكمۇ تەستە يۈزلىنىمىز، تاڭ يېقىنلاپ كېلىدۇ.

......

مانا ئەمدى ئاتا - ئانا بولدۇق. بىزنىڭ ئائىلىدىكى ۋاقتىمىز زۇلال ئۈچۈن ئاتالغان، سۆيۈ-گۈمىز زۇلالنىڭ كۆلكىسىگە سىڭگەن، پارىڭىمىز زۇلالنىڭ ساقلىقى بىلەن باغلانغان. بىز يەنىلا بەختلىك، بىزدە ئەمدى ھەرقانداق سەۋەب تۈپەيلى ئىككىنچى قېتىم ئازارلىنىش يۈز بەرمەيدۇ. مەن بەختىمىزنىڭ يامان كۆزدىن ھەر ۋاقىت يىراق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

1 - سىنتەبىر

ئۇ بۇگۇن يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئىشقا چۈشتى. ئەتىگەن ئۆيدىن بىللە چىققىنىمىز، كەچتە ئۇنىڭ «نېمە يېگۈڭىز بار، شۇ تاماقنى ئېتەي» دەپ سورىشى مېنى بەك خۇش قىلدى.

ئۇنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگەن كۈنى بىزنىڭ بۆلۈمدىكىلەر مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر بىلەن جەم بولغانلىقىمنى تەبرىكلەش چېيىنى ئىچىمىز دېيىشكەنىدى، شۇڭا مەن:

— بۆلۈم مەسئۇلىمىزنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ھېلىقى ئىشنى ئورۇنلاشتۇراي، — دېيىدىم، ئالىيە:

— ئۇ بىر چاقچاققۇ، ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. ھاجىتى بولغان تەقدىردىمۇ، ھۆكۈمەت ئىشى بولمىسايا، نېمىدەپ بۆلۈم مەسئۇلىنىڭ پىكرىنى ئالىسىز، — دېدى نارازى بولۇپ.

ئالىيەنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى. بۆلۈم مەسئۇلى كۆرۈنۈشتە كۈلۈپلا تۇرىدىغان، چىقىشقاق ئادەمدەك كۆرۈنگەن بىلەن ھەممە دەردىمىزنى ئۆزىمىز بىلىمىز. ئۇ ئادەمنىڭ نەشتىرى سانجىلمىغان بىرىمۇ يوق. قىزلارغا ئامراقلىق قىلغانلىقىنىڭ، كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ دەستىدىن ئۇلارنى بىزار قىلىۋېتىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتىنىڭ ئالدىدا

قىز - ئاياللارنى كۆرسە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ئاجىزلىقى، شۇنداقلا بىر سۇپىتى بولۇپ قېلى-ۋېرىدۇ. شۇڭىمۇ يوق يېرىدە تىللاپ قويۇپ، بار يېرىدە ھۆرمىتىنى قىلىپ ئىشلەۋېرىمىز.

ئالىيەنىڭ بۆلۈم باشلىقىنىڭ گېپى چىقسىلا چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ: «بۇ ئوغرىنىڭ قىلىق-لىرىدىن كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ. ئۇنىڭ نۇرى ئۆچ-كەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ يۈرۈپ سەتلىش-شلىرىنى ئويلىسام، بارلىق ئەرلەر كۆزۈمگە بىر قىسما كۆرۈنۈپ، ئۆمۈر بويى يالغۇز ئۆتكۈم كېلىدۇ.......» دەپ قاقشاپ قويۇشلىرى بار. مەن بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ، ياخشى كۆڭلۈم سەۋەبلىك ئالىيەنى نارازى قىلىپ قويۇپتىمەن.

ئويلايمەن، ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئەينى چاغلاردا ئايالى ئۆتىدىغان كوچىغا تەلمۈرۈپ ئۆتكۈزگەن ۋاقتى، ئۆز دېمەتلىك يىگىتلەردىن قىزغىنىپ پۈچىلىنىشتىن قالغان دەردلىرى، قانچە قېتىم يىرتىپ، قانچە قېتىم رەتلىگەن مۇھەببەت خېتىنى بېرەلمەي يىگىتلىك جۈرئىتى سۇنغان يۈرەكسىز دەملىرى...... چېنىقىشقا چۈشكەن يىللاردىكى ئوتلۇق مۇھەببەت تارىخى بولغان بولغىيتتى. قىزلىرىنى دادىلىق مېھرى بىلەن بوغۇپ سۆيۈشلىرىگە بەخت تىلەكلىرى قوشۇلغان بولغىيتتى......

ئەخلاقىنىكى زەئىپلىكىنىڭ ئوخشاش بول-

-مىغان سەۋەبلىرى بولسىمۇ، پاجىئەسى ھامان ئوخشاش بولىدۇ. بۆلۈم باشلىقىمىزدەك قۇدا - باجىلىق بولغان يېشىدىمۇ ئاشنا تۇتالىغان ئەرنى بىرەرسىنىڭ ھەۋەسلىنىپ تىلغا ئالغىنىنى بىلە-دىغانلار بارمىكىن؟ «مەستچىلىكتە نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ......» دەپ چۈشىنىپ كېتىدىغان ئىشلار تۇرمۇشتا ئازمۇ؟ لېكىن، ئاياللارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئەرلىكنى داغدۇغا قىلىشنى چۈشە-نىشكە ئەرزىمدۇ؟......

ئەتىگەن كۆڭلۈم خۇش ئىشقا كېلىپ، ئارقىدىنلا بىر تالاي سوئاللارغا بىرلىشىپ كەتتىم. بۆلۈمدىكىلەر بىلەن تاماق يېيىش ئىشىنى بۇگۈن-چە ئورۇنلاشتۇرماي تۇردۇم. بىر كۈنلۈك خىزمە-تىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ خاتىرىنى قولۇمغا ئالغىنىمدا، ھەر قېتىم تۇرلۈك زىددىيەتلەر بىلەن تولغان شۇ كۈننىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھرىمنىڭ تېخىمۇ چىڭىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى يازىدىغان كۈن بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مېنىڭ مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە سۆيگۈ بىلەن ئۇنى قۇچاقلىغۇم كەلدى. ئۇنىڭ يولۇمغا تەلمۈرۈشلىرى، زۇلالنىڭ گۇگۇرلاشلىرى مېنى سېغىندۇردى.

1994 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر
ئۇنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە

كەتكىنىگە ئىككى ئاي بولدى. ئەمدىلا ئەمچەك-
-تىن ئايرىلغان زىلال چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىدا
تۇرۇۋاتىدۇ. مەنمۇ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا يېزىغا
چۈشۈرۈلدۈم. ھېسابلاپ باقسام بىزنىڭ جەملە-
-كتە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىمىزغا يىل توشۇپ
سەللا ئېشىپتىكەن، ئەمدى ئۈچەيلەن ئۈچ
تەرەپتە بولۇپ كەتتۇق. راستىنى ئېيتسام، بۇ
خاتىرىنى ئېلىپ جەم بولۇش ئارزۇلىرى، ئايرى-
-لىش ئازابى، سېغىنىش توغرىسىدا، قىسقىسى
ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان كۆڭلەردىكى ھېس- تۇيغۇ-
-لىرى توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتكۈم كەلمەيدىغان
بولۇپ قالدى. ئايرىلىپ تۇرغان كۆڭلەرنىڭ ماڭا
يەتكۈزگەن ھاردۇقىدىن شۇنداق بولۇپ قالدى-
-مىكىن؟ لېكىن، ئۇنىڭ ھەپتىدە ئىككى قېتىم
كېلىۋاتقان خېتىگە جاۋاب يازماي تۇرالامدىم؟
تېخى ئەتىگەن ئۇنىڭغا خەت سېلىۋېتىپ يېزىغا
يېنىپ كەلدىم. ئەسلىدە بىر جۈپ ئالمىنى زىلال-
-غا تۇتقۇزۇپ سۈرەتكە چۈشۈرگەن. ئۇ سۈرەتنى
خەتكە قوشۇپ سېلىۋەتمەكچى ئىدىم، ئۇنى كۆز
يېشى قىلمىسۇن دەپ سۈرەتنى ئۆزۈمدە قالدۇر-
-دۇم. ئۇ مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە ئالمىغا بەك ئامراق
ئىدى......

يولدىشىمنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسى مەن
بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان مەزگىلدە بىر - بىرىمىزگە
يېزىشقان بىرقانچە پارچە خەتنىڭ قىستۇرۇلۇشى

بىلەن ئاخىرلىشىپتۇ. يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەرلەرگە خاس سۈرى، كەم سۆزلۈكى بىلەن قەلبىمدىكى ئەرلىك ئوبرازىنى تىكلىگەن، ئەر - ئاياللىق ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىپ قالى- -دىغان ئامراقلىق ھېسسىياتىنى ھېسابقا ئالمى- -غاندا، بەزىدە مېنى تارتىندۇرۇپمۇ قويىدىغان ئادىمىمنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ ئېيتىلمىغان نازۇك تۇيغۇلىرىنى كۆتۈرەلمىگەندەك يۈرىكىم تىترىدى. بىلدىمكى، مەن يولدىشىمنىڭ كۆيۈنۈشى، قوغدىشىغا ئەمەس، چىن سۆيگۈسىگە نائىل بولغان بەختلىك ئايال ئىدىم. مېنىڭ بەختتىن بىھوشلىنىپ تۇرۇپ يىغلىغۇم كەلدى!



# كۆيگەن كۆي

ئىشخانامغا كىرىمەن ـ دە، ئۈستىلىم ئالدىغا كېلىپ ئېھتىيات بىلەن تارتمىنىڭ تۇتقىسىنى تۇتماقچى بولىمەن. تېنىم شۈركۈنىدۇ. سىنىپ يېتىشمەي، ئىشخانىلارنى ئامبار ئۆيلەرگە يۆتكى ـ گەندىن كېيىنكى كۈندىلىك مەشغۇلىيتىم تارتمام ئىچىدىكى دۆۋىلەپ قويۇلغان كىتاب ئۇۋاق ـ چىلىرىنى تازىلاش بىلەن باشلىنىۋاتقىنىغا توپ ـ توغرا ئىككى ھەپتە بولۇپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى كۆڭلۈمگە كەلگەن ئىش تېخى يۈز بەرمىدى......

بەزىدە يوروق، ئازادە ئىشخانىلاردا قىلى ـ دىغان ئىشلىرىنىڭ تايىنى يوق گېزىتنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، تولىمۇ ئاستا ئايلى ـ نىۋاتقان سائەت ئىسترېلكىسىغا تولا قاراپ، ئىختىيارسىز ئەسنىشىپ، ئىككى قولى بىلەن بېقىنلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە نەچچە كىۋادراتلا كېلى ـ دىغان بوشلۇقتا مەقسەتسىز ئايلىنىشقا ئادەتـ ـلەنگەنلەرنىڭ ئەۋزەل شارائىتى ئۇچۇن ئىچىم تارلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇلۇپلانغان تارتمىسىدا مائاش كىنىشكىسى، دىپلوم...... كونۋېرت ئىچىگە سانى ئاز بولسىمۇ پات ـ پات كىرىپ تۇرىدىغان پۇللار ساقلانغىنىنى ھېسابقا ئالمى ـ

ـغاندا، بىـرنەچچە تارتمـىلارنىڭ قەيەردىـن كىرگىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان توپا- چاڭلار باسقان پېتى قوپقۇرۇق تۇرغىنى تۇرغان.

مەنچۇ؟ ئەتىۋارلىق كىتابلىرىم، كۆنـدىلىك خاتىرىلىرىم، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدىن باشلاپلا توپلاپ كېلىۋاتقان، مەن ياخشى كۆرگەن شېئىر-لارنىڭ خاتىرىسى، دەرسلىك، كونسپىكلارنىڭ ئۇششاق قەغەز پارچىلىرىغا ئايلانغان بىر قىسمى ئۇچۇن چەككەن ھەسرىتىم ئازمۇ؟ مانا بۈگۈن سەلىم ماڭـا ئوقـۇش پۈتكـۈزۈش ھارپىسىدا قالدۇرغان ئۈنئالغۇ لېنتىسىمۇ ۋەيران بوپتۇ. ئۇ مېنىڭ قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچ بىلەن مۇزىكىـ-ـدىكى رومانتىـك دۇنياغـا كىرىـپ، مەنىـۋى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە دۇنياۋى مۇزىكىلارنىڭ سېھرىي كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ لېنتىنى قالدۇرغان بولغىيتتى. بارلىقنى ماڭا بېغىشـ-ـلىغان، ئاق كۆڭۈل يولدىشىمنىڭ كۆز ئالدىدىلا لېنتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قېلىشتىن، لېنتىلارنى ئۇچەي سىيرىغاندەك تارتىپ، تاشلاپ ئويناشقا خۇمار بولغان ئوغلۇمنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىمەن دەپ تاپقان ئەقلىمنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ، دەسلەپ گاڭگىرىدىم، ئارقىدىنلا بۇزۇلغان لېنتىنى مەش ئىچىگە تاشلاپ، ئۈنسىز يىغلىدىم......

تۇگـىدى، لېنتىمۇ كۆيـۈپ تۇگـىدى! ئـۇ
ئەر، مەن ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن چۈشەندۈرۈش
قىيىن بولغـان مۇناسـىۋىتىمىزدىن تۇرمۇشـۇمدا
پات- پات پەيدا بولـۇپ قالـىدىغان زىددىيەتلەر
مېنى يۈرەكسىز قىلىۋەتكەنىكەن. شۇڭىمۇ مەنـ-
ۋىيىتىمنىڭ مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بىر
قىسمى ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىسامۇ، چىن يۈر-
ىكىمدىن ئايالLIق تەبىئىيىتىمنى سېغىندىم.

مېنىـڭ راسـتتىنلا ئۇنىڭغـا ئاشـىق بولـۇپ
باقمىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ماڭا تەننى ئازابلىغۇچى
قاراشلىرى بىلەن تىكىلىپ باققىنىنى سەزمىگەنـ-
لىكىمنى بىرەرسىگە چۈشەندۈرۈش مەجبۇرىيىتىم
يـوق دەپ قارىغانـىدىم. لـېكىن، مەن هالـ-
ـسىرىدىم...... ئـۆزۈمچە ئـانىلىق پەزىلىتىمـدىن
گۇمانلاندىم تېخى!

— گۈلـشەن سـەن هەقىقـي ئايالـسەن،
پەزىلىتى بار، ۋاپانى ئۇلۇغلايدىغان.

مۇشۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمگە پەقەت ئۆزۈمـ-
ـنىڭلا تەسەللى بېرەلەيدىغانلىقىنى هېس قىلاتـ-
ـتىم. ئۆزۈمگە شىۋىرلاپ تەسكىن تاپاتتىم.

ئانام دائىم نامىزىنى ئۇنلۇك هالدا بەندىـ-
ـلەرنىڭ ئىنسابىنى تىلەپ دۇئا قىلىش بىلەن
ئاخىرلاشتۇراتتى.

— هەر كۈنى ئاشۇ گەپنىلا دەمسەن، ئانا؟

— بەندىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرمىسە

ناشايانلىق كۆپىيىدۇ، نارسىدىلەر قۇربانلىق بولىدۇ، يۇرت تىنچلىقى بۇزۇلىدۇ...... —
دەيتتى ئانام سوئالىمغا جاۋابەن ئۇجۇر - بۇجۇر - لىرىگىچە چۈشەندۈرۈپ.

ئانام چىچەك چوكان چىغىدىلا دادامدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپتىكەن. شۇندىن بۇيان بىز ئائىلەنى قاتارغا قوشۇپ، باللارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان مېنى ياتلىق قىلىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈرگەندەك، تويۇم بولۇپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىزنى تاشلاپ كەتكەنىدى. ئانامنىڭ دادامدىن قالغان زال كەبى ئىككى ئېغىز ئۆيدە كىچىككىنە دېرىزىسى، ئىشىكى، يەڭگۈشلەشنى كۈتۈپ تۇرغان ئاشخانىدىمۇ «داداڭلارنىڭ قولى تەگكەن» دەپ يېقىن كەلتۈرمەيدىغانلىقلىرىنى ئويلىسام، ئۇنىڭ ئەقىدىسىدىن سۆيۈنۈپمۇ قالىمەن. ئەمدى بىلسەم ئىشلىتىشكە بىئەپ بولسىمۇ، ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان بۇ ئۆي ئانامنىڭ جەننىتى ئىكەن.

— ئانا، دادامنى تازا كەپسىز ئادەم ئىدى دېيىشىدىكەن، ساداقەتمەن ئادەم بولسا قانداق قىلىپ كېتەتتىڭ؟ — دېسەم، ئانامنىڭ كۆلگەن، كۈلۈۋېتىپ مەڭزىنى بويلاپ ئاققان ئىككى تامچە ياشنى سۈرتمەكچى بولۇپ جىددىيلەشكەن ھالىتىنى ئەسلەپ قالدىم. كىشىلەردىكى بەخت تۇيغۇسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئانامنىڭ كۈلكى-

ـسىدە، ھەتتا ئىككى تامچە ياشقا تەرىمۇ بەختكۆركى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئانام بىلەن ئىككىيلەندە ئورتاقلىق يوقمۇ؟

— جېنىم بالام، سەن مېنىڭ بالامسەن، يولدىشىڭغا سادىق بول....... — دېدى ئانام توي تەييارلىقى قىلىنىۋاتقان كۈنلەردە ماڭىمۇ بىر تالاي نەسىھەت قىلىپ.

— ئوغۇللارنىڭ ئانىلىرىمۇ ئوغۇللىرىغا ساڭا ئوخشاش نەسىھەت قىلىپ، ئاياللىغا سادىق بول دەمدىغاندۇ، ئانا؟

— دۇنيادىكى بارلىق ئانىلارنىڭ كۆڭلى ئوخشايدۇ، سەنمۇ بالىلىق بولغاندا بىلىسەن.

......

شۇ قېتىمقىسى ئانام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سىردىشىشىم بولۇپ قالدى. توي ئىشىمنىڭ تېزلا قارار قىلىنىشى، مېنى تېرىكتۈرىدىغان بۇ خىل نەسىھەتلەرنىڭ جىكىلىنىشى ئەسلىدە سەلىمنىڭ ماڭا پات - پات خەت يېزىپ تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كېيىنچە بىلدىم. ماڭا بىر ئوغۇل بالىدىن خەت كېلىدىغانلىقى خىزمەتداشلىرىمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان ھەم ئۇلار سەلىمنى مېنىڭ لايىقىم دەپ قارىۋالغانىكەن. بۇ خەۋەر ئانامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئانامنى ساراسىمىگە سالپتۇ. تەلىيىمگە تۇيغۇلىرىمغا سىڭىپ كىرىۋات-

قان بىرىگە رىزقىم تارتقانىدى. مەن سەلىمنىڭ ئىجادىيەت، ئىزدىنىش، كىتاب يېڭىلىقلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇر، كۆز قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلـ ـغان خەتلىرىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن يەنە پاراكەندىچىلىك سالماسلىقىنى تىلەيتتىم، شۇڭا خەتلەرنى ئاشۇ لېنتىغا ئوخشاش ئوتقا تاشـ ـلىغانىدىم.

— گۈلشەن، بەك مۇھىم لېنتىمىدى؟

— ئۇكام، بۇ چاشقان ئۈۋىسىدىنمۇ قوتۇلـ ـلارمىز، ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ.

خىزمەتدىشىم ئايقىزنىڭ سوئالىغا ئۇلىـ ـشىپلا، ئوقۇتۇش گۇرۇپپىمىزنىڭ مەسئۇلى قۇربان مۇئەللىمنىڭ تەسەللى بېرىشىدىن دەرھال ئوڭايـ ـسىزلىنىپ، ماتېرىياللىرىمغا قايتىدىن قارىغان بولۇۋالدىم. ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ ئىشلار ئېسىمنى رام قىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، قۇشتەك يېنىكلەپ قالغانـ ـلىقىمنىمۇ ھېس قىلدىم. بۈگۈن يولدىشىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئەتىگەن ئۆيۈمدىن چىقىپلا ئەتراپنى ئورىغان بىر قەۋەت ئاقلىقنى كۆرۈپ كۆڭلۈم باشقىچە كۆتۈرۈلگەن ئەمەسمۇ؟ بۇ كۈننىڭ تۇنجى قار ياغقان كۈنگە توغرا كېلىشى مەن ئۈچۈن يېڭىدىن - يېڭى ئىلھام بېغىشـ ـلىغانىغۇ؟...... مەن پىلانىمنى ئۆزگەرتىپ، يولدىشىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنگە ئاتاپ قارلىق

يازماقچى بولدۇم.

يولدىشىم مېنىڭ ئويلىمىغان يەردىن چىقىدىغانلىقىمنى بىلسىمۇ، بۇ خىل سوۋغا تەييارلىشىمنى تەسەۋۋۇر قىلماسلىقى ئېنىق. ئالدىنقى يىلى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە چاچلىرى بويى بىلەن تەڭ ئۇماق بىر قىز قورچاقنى سوۋغا قىلسام، ئۇ كۈلگىنىچە ئوغلىمىزدىن:

— بالام، بۇ قورچاق ئانىڭىزغا ئوخشامدىكەن؟— دەپ سورىغان.

— قورچاقنى كوروپكىسىدىن چىقىرىپ باقە، ئاندىن بىلىسەن.

ئۇ قورچاقنى كوروپكىسىدىن چىقىرىشىغا قورچاق «ئەسكى» دېگەن سۆزنى تەكرارلىغانىدى، «راست، ئانىڭىزغا ئوخشايدىكەن» دېگىنىچە ئوغلىمىزغا قاراپ تېلىققاندەك كۈلگەن.

ئائىلىمىزگە كۈلكە ياغقان ئۇ كۈنى ئوغلىمىز تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇ تۇيۇقسىز:

— گۈلشەن، ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن چىلاشقۇدەك قويۇپ بەرگۈم بار، مەست بولساڭلا يۈرىكىڭدىكىنى بىلىۋالالايمەنمىكىن دەيمەن......— دېگەنىدى.

— نېمىنى بىلگىڭىز بار، مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەست بولدۇم......

ئۇ مېنى باغرىغا بېسىپ چاچلىرىمنى پۇراۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆيگۈمگە، ئەقىدەمگە قانمايۋاتـ-

قانلىقىنى، مەندىكى ئۆزگە بولغان سەممىيەت، قىزغىنلىقتىن گۇمانسىراۋاتقانلىقىنى، چەكسىز بەختكە چۆمگەن مۇشۇ دەقىقىلەرنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەندىم.

مانا بۈگۈن ئۇنىڭغا مەست بولۇپ باققۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتقۇم كەلدى. ئۆزۈمچە قىياس قىلىپ باقتىم: مەن ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلايمەن، «يۈرىكىمنىڭ ئۆزىنىلا سۆيۈپ ئالغىلى بولسا، سىزنى خۇش قىلسام بولاتتى...... بىلەمسىز، مەن ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئۆزگە ئۆچ بولدۇم! ئۆزگە ئىشەنچىسى بولمىغان بىر ئەرگە ئون نەچچە يىلدىن بېرى تەلپۈنۈپ كەلگەن ئۆزۈمگە ئۆچ بولدۇم!......» دەيمەن......

......

راست، ئوغلۇم دادىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ جىق قەغەز تۇرنا ياساش ئۇيىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇماق ئوغلۇمنىڭ تۇرنىلىرى جۈپ - جۈپ قاناتلىرىغا قانداق سىرلارنى يوشۇردىكىن؟ مەن يازماقچى بولغان قارلىقىنى ئاشۇ تۇرنىلار ئىچىدىكى بىرەرسىنىڭ قانىتىغا يېزىپ قويسام بولارمۇ؟......

تۇرۇپلا، مېھىرلىك ئائىلىمىزدىكى بۇ خىل لەززەتلەرنىڭ يەنە سەلىمنىڭ دۇنياسىنى ئەسلىتىپ قويۇۋاتقانلىقى ماڭا ھار كەلدى!

# ئۇپۇق

شـىرەدىكى ماتېرىيـاللىرىمنى يىغىـشتۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا، ئىشىك ئېچىلىپ خىزمەتـدىشىم يۈسۈپ بىر بـاغلام گىلاسـنى ئۇششاق بارماقلىرىدا پىرقىرىتىپ يېنىمغا كەلدى.

— قېنـى، گـۈلزەبەر، بىزنىـڭ باغنىـڭ مېۋىسىدىن تېتىپ بېقىڭ.

— خۇدا رىزىـق يەتكۈزدى دەڭ. كىچىـك چاغلىرىمدا گىلاسنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ ئويناشـقا ئاجايىـپ ئـامراق ئىـدىم، — مەن ئۇنىـڭ قولىـدىن گىلاسـنى ئېلىـپ نـازۇك قوللىرىمـدا مىجىقلاپ راستىنلا سۈيىنى چىقىرىۋەتكەنـدىن كېيىن، قولۇمدىن ئۇرۇقلارنى سىلكىپ قىنا ئىشـخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئـۆتكەن يىلـى يـازدا مەكـتەپ بـويىچە ساياھەتكە بارغانلىقىمىزنىـڭ خاتىرىـسى ئۈچۈن چۈشـكەن سۈرەتكە ئـۇ مېنىـڭ يېنىمـدا تـۇرۇپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئايالى تەرىپىدىن ھاقارەتـلەنگەنلىكىم يېتەرلىك بولمىغانـدەك، بىزەڭلىـك بىلەن كۆرستىلىۋاتقان يېقىنچىلىقلارغا ماسلىشالـمايتتىم. نېمىـشقىدۇر چـۈش يۇتۇۋالغانـدەك كۆڭلـۈم غەش بولـدى. ئۇنىـڭ ئايالىنىـڭ «ئەر

ياراتماس قېرى جالاپ.......» دېگەن نەشـ-
ـتەردەك تىلـلىرى يەنە قۇلاق مېڭەمنـى يەۋاتـ-
ـقاندەك قىلاتتى.
مۇشۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنى سېغىناتتىم.
دەرد تۆككۈم، ئۇمىد بىلەن تىكىلىۋاتقان كـۆز-
لىرىگە قاراپ: «مەن سىزنىڭكى» دېگۈم كېلەتـ-
ـتى. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ قەلبىم چەكسىز بوشـ-
ـلۇققا ئايلىنىپ بولغاندەك ئىدى. ئۇ تولدۇرۇۋالـ-
ـغۇسىز بوشلۇقمىدى؟
يەكشەنبە، جىمجىت سىنىپ، ئۇ ۋە مەن.
كىتـاب كۆرۈۋېتـپ يـۈرىكىم بىرنەرسـىنى تۇيـ-
ـغاندەك چۆچـۈپ بېـشىمنى كۆتۈرگىنىمـدە، ئـۇ
ماڭا تىكىلىپ ئولتۇراتتى.
— نېمانچە قارايسەن؟
— تېخىغىچە بىلمىدىڭمۇ؟
— نېمىنى؟
— ئەجەب دۆتكەنسەن!
يەرۋاسىزلىقىم ئۇنىڭ جېنىغا تەگـدى بولـ-
ـغاي، ئالدىدىكى قەغەزنى پـۈرلەپ يەرگە تاشـ-
ـلىدى-دە، كىتـاب ئىچـدىن نېمىنىـدۇر ئاخـ-
ـتۇرۇشـقا باشلىدى. ئۆز ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا
تىرىشقان بولساممۇ، تىت - تىتلىقتىن قۇتۇلالـ-
ـمىدىم.
— ساراڭ!
ئـاچچىقتىن ئـاۋازىم بوغۇلـۇپ كۆزۈمـدىن

ئىككى تامچە ياش ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ تەسەللى ئورنىدا يەردىن ھېلىقى پۇرلەشكەن قەغەزنى ئېلىپ كىتابىم ئۇستىگە قويۇپ قويغاندا، مەن قەغەز-دىكى «گۇلزەبەر، مەن سېنى سۆيەتتىم» دېگەن خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپلا، قەغەزنى ئۇششاق - ئۇششاق پارچىلاپ تاشلىۋەتتىم. قېيداشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كۆڭلەرنىڭ ئازابىدىن ھېس قىلدىمكى، ئۇ ئىلگىرى بىرەر سائەت دەرسكە قاتنىشالماي قالسا بوش ئورۇنغا قاراپ دەرسنىڭ قۇلىقىمغا كىرمەسلىكى، ئولتۇ-رۇشلاردا بىرەر قىز بىلەن تانسا ئويناپ قالسا ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىشلىرىم تەسەۋۋۇرۇمدىن ھالقىغان ھېسسىيات ئىكەن. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىم ياخشىلىنىپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئۇ سىنىپقا مەندىن كېيىن كىرگەن كۆڭلەردە ئۇستەل ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈپ قويغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ ئەتەي ئۆزى سۈرتۈپ ئولتۇراتتى. قايسى گۇناھىمغا يۈرىكىمنى يىگىنە سانجىغاندەك ئازابلايدىكىن؟ تاشلاندۇق قەغەزنى مەيدەمگە بېسىپ «مەنمۇ سېنى سۆيەتتىم.......» دەۋەتكەن بولسام بولاركەن -دە؟!

ئۇنىڭ مەغرۇر تەبىئىتىنىڭ مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى يۈرىكىمدىن ئېتىراپ قىلسامۇ، مۇھەببەت ئالدىدىكى ئاجىزلىقلىرىم ئازارلىق بىلىنەتتى. كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىش-

ــلەرنى چاندۇرماسـلىق ئۈچـۈن كـۈلەتتىم. ئـۇ شۇنداق بىر كـۈلكە ئىدى. بىـر كـۈنى كەچلىـك مۇزاكىرىـدە تۇغۇلغـان كـۈننى ئۆتكـۈزۈپ بېـرىش ئۈچـۈن تەييـارلىق كۆرۈۋاتقـان دىلـبەر بەزىبىـر ئىشلار توغرۇلـۇق مەنـدىن مەسلىھەت سـورىغىلى كېلىپ:

— ئـامىر، لىرىــك ناخـشىلىرىڭىز بىــلەن سـورۇنغا مەزمـۇن قوشارسـىز؟— دەپ قويۇشـنى ئۆتۈندى.

— خـاتىرجـەم بولـۇڭ، سـىزگە ئاتـاپـلا نەچچىنى تەييارلاپ قويدۇم،— دېدى ئۇ.

دىلبەرنىـڭ مەمنۇنلـۇق ئەكـس ئەتـكەن چىرايـى ۋىللىـدە قىزارغانـدا، تاياق زەربىـسىدىن ئېـسىنى يىغقـان ئادەمـدەك دەرھـال ھۇجۇمغـا ئۆتتۈم.

— ئېيتىپ باقە دىلبەر، مەن ساڭا قانـداق سوۋغا تەقدىم قىلاي؟

— ھېچ نەرسە.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن......

— ئەسكى......

دىلبەرنىــڭ يەلكىلىــرىمگە مۇشــتلاۋاتقان قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزۈمگە قاراتتىم:

— مەنچۇ ساڭا سـەن ياخشى كۆرىـدىغان ھېلىقى ياقۇت كۆزلۈك بۇلاپكامنى سوۋغا قىلاي.

— قىدامسەن؟

— چىدىمايدىغان جانمىدى ئۇ؟— ئاۋا-زىمنى كۆتۈرۈپ ئىشەنچلىك تەلەپپۇز بىلەن جاۋاب بەردىم.

ياقۇت كۆزلۈك بولاپكا ئۇنىڭ 1-مەۋسۇملۇق ئۆگىنىش نەتىجىسىدە مېنىڭدىن يېڭىلىپ قالغانلىقى بەدىلىگە ئېلىپ بەرگەن قىزلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان بولاپكا ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ مۇزاكىرە ئاخىرلاشقاندا:

— گۈلزەبەر، بىردەم پاراڭلاشساق.......— دېدى.

— زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟— مەن يەنە ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىپ قويدۇم. ياتاقتا كىرگەندە بولسا يۈز - كۆزلىرىمنىمۇ يۇماستىن يوتقىنىمغا چۈمكىنىپ ئىچ - ئىچىمدىن بۇقۇلداپ يىغلىدىم.

ئىنتىلىشلىرىمنىڭ رەقىبلەرچە كۈرەش تۇسىنى ئېلىشى مېنى مەكتەپ ھاياتىدىن بەزدۈرۈۋاتاتتى. كۈن ساناپ تېزرەك تەتىل قويۇپ بېرىشنى تىلەۋېتىپ سۆيۈملۈك مەھەللىمىزنى خىيال قىلاتتىم. ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى دۆۋە- دۆۋە قۇم بارخانلىرى، تولىمۇ گۈزەل تەبىئىي توغراقزارلىق، قۇياش، دەستە - دەستە نۇرلىرىنى تۆكۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا ياكى قىزىرىپ قۇم دانچىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىۋاتقان ھېس-سىياتسىز كىشىنىڭمۇ يۈرىكى دولقۇنلىنامدىكىن

دەيمەن.

راست، قوشنىمىزنىڭ ئوغلى سادىر ئۆيلىنىۋالدىمىكىن؟ بۇلتۇر قوشنا مەھەللىدىكى بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقىنى، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىمىسا ئېلىپ قاچىدىغانلىقىنى يۇمۇرلۇق قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. «بىللە ئويناپ يۈرگەن چاغلاردا چوڭ بولسام سېنى ئالىمەن دەپ ئويلايتتىم. ھازىر بىزنى ياراتمايسەن، قانداق قىلىمىز ئەمدى؟» ئۇ ئاخىرىدا شۇنداق دەپ بېشىنى تاتىلىغاندا قاتتىق كۈلگەنلىكىم ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

ساددا، تۈز سەھرا كىشىلىرى يەنىلا سۆيۈملۈك كېلىدىكەن......

ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئازلا ۋاقىت قالدى. كۈتۈلمىگەندە تەنتەربىيە دەرسىدە پۇتۇمنى قايرىۋېلىپ بالنىستقا كىرىپ قالدىم. ئاغرىق ئازابىدىن ھوشۇمغا كەلسەم ئۇ بېشىمدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۆزۈمنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم.

— قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ يىغلىما، مەن ساڭا قارايمەن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چوغدەك ئالقانلىرى بىلەن يېشىمنى سۈرتتى. بىردەم كارىۋىتىم يېنىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ بەرسە، بىردەم كارىۋاتتىن يۆلەپ چۈشۈرۈپ، بىر قولىدا بوينىدىن ئارتىلغان بىلەكلىرىمنى، بىر قولىدا بېلىمنى مەھكەم تۇتقاندىن كېيىن ئاستا

ماگدۇرۇپ دوختۇرخانا هويلىسىدىكى گۈللۈكنى ئايلاندۇراتتى. مەجنۇنتاللار ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى. پۇتۇم تېزلا ياخشىلاندى. 3- قەۋەتتىكى دەرسخانىغا ئۆزۈم چىقىپ چۈشەلەيدىغان بولغاندا، ئۇ: «ۋالىس ئوينىيالايدىغاندەك تۇرامسەن؟» دېيىش ئارقىلىق ئەھۋال سوراشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ۋالىسنى ياخشى كۆرەتتى. ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا ئۇنىڭ بىلەن ۋالىس ئويناۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالغىنىمنى، ئىككىنچى مەيدان تانسا مۇزىكىسى باشلانغاندا قادىر مۇئەللىمنى نا ئۈمىد قالدۇرۇپ مېنى سىرتقا باشلاپ ماڭغانلىقىنى ئۇنتۇمايمەن. چۈنكى، ئۇ دەل مېنىڭ هاياجانلانغان دەقىقىلىرىم، پۈرلىشىپ كەتكەن ئاشۇ قەغەزدىكى بىر جۈملە سۆزگە تەشنا بولغان دەقىقىلىرىم ئىدى. سالقىن شامال ئۆرلەۋاتقان ئايدىڭ. بىز قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتىمىز. ئۇ شىۋىرلايتتى. بىز مەكتەپ بېغىنى ئۇزاق ئايلانغاندىن كېيىن، قېرى شاپتۇل دەرىخى ئاستىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپمۇ شىۋىرلايتتى:

— گۈلزەبەر، گۈلزەبەر......

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. ئۇنىڭ تىنىقىدىن ئۆرلەۋاتقان كۈچلۈك هاراق پۇرىقى

سەزگۈلىرىمنى غىدىقلايتتى. تىلىنىڭ رولىدىن ئايرىلغانىدەك ئۈنسىز ھالدا ياپراقلارنى قايرىپ تۆكۈلۈۋاتقان ئاي نۇرىغا قارايتتىم. بىردىنلا ئۇ چۈشتىن ئويغانغاندەك مېنى ئۆزىگە قاراتتى.

— گۈلزەبەر، مەن سەندىن بىرلا نەرسىنى ئۆتۈنىمەن، مېنى ئۇنتۇما.

— سېنىما؟! — مەن ئۇنىڭ يەلكىلىرىمگە ئېسىلغان قوللىرىنى سىلكىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ياتاق تەرەپكە يۈگۈردۈم.

مانا ئەسىردەك ئۇزاق تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. قاچانغىچە ئەرلىرىنى «شامال چىقمىسا لىڭشىمايدىغان» نۇقسانسىز دەرەخ ھېسابلايدىغان ئاياللارنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە ياشايمەن، بىلمەيمەن. پەقەت پاك قەلبىم بىلەن ئۇنى سۆيۈپ ياشىيالايدىغىنىمغا، مەڭگۈ سېغىنىدىغىنىمغا ئىشىنىمەن.



# قۇم ئارال

ئـۇدۇل قوشـنىمىزنىڭ ئوغلـىدىن باشـقا دوستلىرى، تېلېۋىزوردىن باشقا دۇنياسى بولمىغان ئىككى ئوغلۇمنى ئەگەشتۇرۇپ سەھراغا كەلگەن تۇنجى كۈنىلا، كۆتكىنىمنىڭ ئەكسىچە ئازابتىن پۇچىلىنىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم.

بوۋامنىـڭ چالمـا تـاملىق، دېرىزىـسىز، پاكار، ئاددىيلا يېپىلغان ئۆيى ئالدىقاچان ئىزنى يوقاتقـان قـورۇ تېمىغـا ئوخـشاشلا تەكـشىلىككە ئايلانغان، يۇزلىنىپ تۇرۇشقا تاپانچا شەكىلدىكى ئۇستى يېپىقسىز ئۇچ ئېغىز ئـۆي، ئـۆي تېمىـدىن ئـون قەدەمچە يىراقلىقتـا دۆۋىلەنـگەن ياغـاچ - تـاش...... غـايەت زور سـوئال بولـۇپ، مېنـى گاڭگىراتتى.

ئالدىـدا قۇچـاق يەتكۈسـىز قېـرى ئـۈجمە دەرەخـلىرى گىرەلەشكەن، ئارقىسىدا ئۆينى تىرەپ تۇرغاندەك ھەيۋەت قۇم دۆۋىسىنىڭ باغرىـدا يەنە بىر تۈپ قېرى ئـۈجمە دەرىخـى، سەل نېرىراقتـا توغراقزارلىق، چەكسىز كەتـكەن قـۇم بارخـانلىرى كۆزگە تاشـلىنىپ تۇرىـدىغان تەنھا ئـۆي مېنـىڭ مېھرلىك ئالىمىم ئىدىغۇ؟ بۇ قېتىم ئوغـۇللىرىمنى مۇشۇ ئالەمگە قويۇۋەتـمەكچى، سىرلارغا تويۇن-

ـدۇرماقچى، ئۇلارنىڭ باللارچە چۇقانلىرىغا كۆمۈلمەكچى بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىنتاڭ، كۆپۈك-كە ئايلانغان خىياللارىمدەك لەيلەپ قالدىم. قەيەرگە بېرىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەيـ-مەن. يېقىنراق ئارىلىقتا بىرەرسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ماشىنىمۇ مېنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، چاڭ توزۇتقىنىچە كېتىپ قالدى.

— بۇ زادى نېمە ئىش؟!

— ئاپا، موماملىنىڭ ئۆيىنى تاپالمايۋاتامسەن؟

— مۇشۇ ئۆي شۇ، ھە ئاپا؟

— بۇ ئۆي قانداقلارچە موماملىنىڭ ئۆيى بولىدۇ، ياتىدىغان يەر بولمىسا؟

ئوغۇللىرىمنىڭ تالاش - تارتىشى مېنى ئېسىمگە كەلتۈردى.

— موماڭلارنىڭ ئۆيى قۇم ئاستىدا قالغان ئوخشايدۇ بالام، يۇرۇڭلار، سىلەر قۇمغا ئامراق ئىدىڭلارغۇ، قاراڭلار! — دېدىم ئوغۇللىرىمغا قۇم دۆۋىسىنى كۆرسىتىپ. ئېنىقكى، مەن ئۆپكىدەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇۋاتاتتىم.

— يې...... !

كىچىك ئوغلۇم مۇشتۇمى تولغىلىغەن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ئاپا، كەچتە قەيەردە ياتىمىز؟

چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئەندىشىسى يارامغا تۇز سەپكەندەك بولدى، شۇنداقتىمۇ كۈلۈشكە

تىرىشتىم.

— قارا گەپلىرىڭنى، بۇ مەھەللى-دىكىلەرنىڭ ھېچبىرى بىزگە يات ئەمەسقۇ.

— ھاما ئانامنىڭ ئۆيىغۇ يىراق ئەمەس......

چوڭ ئوغلۇم تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە ئۆكسىنى قىزغاندۇرۇپ قۇم دۆۋىلىرى تەرەپكە چاپتى.

ئوغۇللىرىمغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن. مانا، ئوغۇللىرىمدەك چاغلىرىمنى ئۆتكۈزگەن بۇ مەھەللە ئاجايىپ بىر خىل ئېچىرقاشنى قوچاق-لاپ يېتىپتۇ......

دادام موماممنىڭ يالغۇز ئوغلى، مەن دادامنىڭ تۇنجى بالىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، موماممنىڭ ماڭا بولغان ئامراقلىقىنى ھەرقانداق نەۋرىلەرگە بولغان ئامراقلىقىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. تاغا - ھامملىرىم، نەۋرە ئاكا- ئاچىلىرىم موماممغا تۇگۇنۇپ ئېلىپ كەلگەن تاتلىق - تۈرۈملەر، يۇمشاقلار مېنى دەپ ساقلىناتتى.

بوۋامنى ئەسلىيەلمەيمەن، لېكىن مەكتەپ يېشىغا توشقىچە موماممدىن ئايرىلماپتىمەن. شۇڭىمۇ ئاددىيغىنە ئۆيىمىزنىڭ شاخ - شۇمبىلار بىلەن چۇمكەلگەن پېشايۋىنى ئاستىدا ئاي نۇرىغا بۆلۈنۈپ ئۇخلىغان ياز ئاخشاملىرى،

مومامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ھېكايىلەر، ھويلىمىزنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە ئۆنۈپ كەتكەن قومۇشلار، چانىغانسېرى كۆكلىۋالىدىغان يانتاق، يەنە تېخى مومامنىڭ كىچىككىنە ئوتياشلىقىمىزغا تېرىغان چامغۇر، ئوسما، گۈللەرنى كۆلدىن چېلەكلەپ سۇ توشۇپ دېگەندەك پەرۋىشلەشلىرى ھازىرقىدەك ئېسىمدە.

— بالام، مەن ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلىسەن؟

— سېنى ئۆلگىلى قويمايمەن.

موما مېنى يىغلىتىۋېلىپ، مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىدا كۈلەتتى.

ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقامتىمۇ؟ موما مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ يېنىغا كېتىپ، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. تەتىل قويۇپ بەرگەندە سېغىنىپ بارسام ئۇزۇن - ئۇزۇن مېغىز تىزىقلىرىنى، قۇرۇتۇلغان ئۆزۈملەرنى، گۈلە - قاقلارنى ساقلاپ قويىدىغان، ئۆز قولى بىلەن جىگدىلەرنى كولاپ يۇرۇپ، پارقىراق يېپىلىم مونەكلىرىنى تەييارلاپ قويىدىغان مومام ئامراق نەۋرىسىگە قىيمىسىمۇ ۋاقتى سائىتى كەلگەندە يەنىلا كەتتى. ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا ھامملىرىمغا تۆشۈك سايمانلىرىنى مېنىڭ ئىشلىتىپ قېلىشىمنى تاپىلاپتۇ. چوڭ ھاممامدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدىم. كىچىك ھاممام قېيداپ،

دوق قىلىپ تاشلاپ بەرگەن تۆشۈك سايمان-ـ
ـلىرىنى دىلىم ئاغرىپ تۇرسىمۇ قوبۇل قىلدىم.

بىز بولساق شەھەردە، ھامملىرىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ماكانى بار. موماملىرىمنىڭ ئۆيىنى تۇتۇپ ئولتۇرغۇدەك بىرەرى يوق. كىچىك ھامامنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتا بولغاچقا، پات - پات ئۆيىنى يوقلاپ تۇرۇشقا قولايلىق دەپ قاراشتى بولغاي، ئاچقۇچلار كىچىك ھامامغا تۇتقۇزۇلدى.

ئۇزاق يىللاردىن بۇيان پۇرسەت تاپساقلا موماملىرىمنىڭ تۇتقان ئۆيىنى يوقلاشتۇق. ھېيت - ئايەمدە سىيرىپ - سۈپۈرۈپ بىرەر كېچە قونۇپ مېڭىشتۇق. دادامنىڭ غېرىبسىنغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلىغان، بىزنىمۇ يىغلاتقان چاغلىرىمۇ بولدى. تالاي قېتىم موماملىرىمنىڭ تەمى ئۆزگىچە تېتىملىق كۆمەچلەرنى پىشۇرىدىغان ئوچىقىغا قاراپ ئېغىزىمغا سېرىق سۇ يىغىلغان چاغلار بولدى......

بىلىمىدىم، كۆمەچنى موماممى، موماملىرىم تېمەتلىكلەرلا ئېتەلىسە كېرەك، ئەمدى ئۇمۇ يوقىلىپ كەتتى. قايسى كۈنى بىر پېشقەدەم خىزمەتدىشىمىز:

— ھازىر ئەرلەرگە بولغان ھۆرمەتتىن ئېغىز ئېچىش تەس. ئاياللار يامانلىشىپ كەتتىڭلار. بىر مىسال ئالسام، ئانىلىرىمىز بىزگە يوبدان ئېتىپ بەرسە، دادىمىزغا كۆمەچ كۆمۈپ بېرەتتى.

شۇ زامانلاردا كۆمەچ ئاجايىپ ئېسىل تائام ھېساب-لىنىدىغان. ئاياللار كۆمەچنى پەقەت ئەرلىرىگە، ئاشنىلىرىغا تەييارلايتتىغۇ دەيمەن. بۈگۈنكى كۈندە ئەرلەرنى مېھمان قىلدۇرۇپ، ئۆزىغاندىن كېيىنمۇ توسقان تاكىسىنىڭ پۇلىنى بەرمىگۈچە «ماقۇل ئەمىسە، ماقۇل ئەمىسە.......» بىلەن كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ، ئۆز يېنىدىن بەش كوي چىقىم قىلمايدىكەن ئاياللار......— دېۋىدى، بىرقانچە خىزمەتدىشىمىز: «راست، راست» دېيىشىپ تەستىقلاشقانمۇ بولدى، بىرقانچەيلەن قارشى پىكىرلىرىنى ئېيتىشىپ تىركىشىشتى.

— خوتۇنلىرى تاپقان پۇلدا ئۆي تۇتۇپ، بالا باقىدىغان ئۇنداق ئەرلەرنىڭ يانچۇقىنى سىلىكتۇرۇپ تۇرىدىغان شۇنداق ئاياللار بولمى-سىمىچۇ، چىلاشقۇدەك ئىچۇېلىپ بىر-بىرىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىشىپ، سەتلىشىپ، جاھاننى رەسۋا قىلىمامتى ئۇلار.

— شۇ ئەمەسمۇ، بىزگە قىلغاننى بىلى-دىغان ئەر، يۈرىكى بار ئاشنا بولسا كۆمەچ ئەمەس، يۈرىكىمىزنى سۇغۇرۇپ بېرەلەيمىز. ئۇلۇغ سۆزلىسەك بولماس، سىلىنىڭمۇ قىزلىرى بار......

دىلبەر بىلەن رازىيەنىڭ سۆزلىرىدىن ئىلھاملاندى بولغاي، ئاچا يوللۇق خىزمەتدىشىمىز ھۆرنىسا ئېغىزنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى:

— ئانىلىرى كۆمدىغان كۆمەچنىڭ قىيمى-سىغا ئەمچىكنىڭ گۆشىنى ئىشلەتمەيدىغان بولغىيتتى. يېرىم جىڭ گۆش ئەكىرىپ بەرسە ھەپتە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، نېمانچە قولۇڭنىڭ بەرى-كىتى يوق، دەيدىغان ئەركەكلەرنىڭ گېپى چوڭ بولىدىكىنە، ۋاي توۋا......

— ئاللا كارامەت، ئادەمنى نېمانچە قور-قىتىدىغاندۇ بۇ ئايالللار. گېپىمنى قايتۇرۇۋالاي، ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار....... دېگىنىچە بېشىنى گىلدىڭشىتىپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭغان خىزمەتدىشىمىزنىڭ پاراققىدە كۈلكىدىن كېيىنكى ئوڭايسىزلىقىنىڭ نېمىسىنى دەي؟ نېمىشقىدۇر كۆپچىلىكنىڭ قاتارىدا پىكىر قىلغۇم كەلمىدى. خىزمەتداشلىرىمنىڭ قاراشلىرىنىڭ خاتا يېرى يوقتەكلا.

شۇ كۈنى ئىختىيارسىز ئۆزۈم، تۇرمۇشۇم ھەققىدە ئويلىنىپ قاپتىمەن: بىر - بىرىمىزگە ئىنتىلىشىپ، تەستە كىرگەن چىرايلىق قەپەسكە ئىخلاسمەن بولۇپ، بىرقانچە يىلللارنى بىللە ئۆتكۈزگەن يولدىشىمنىڭ زادى قانچە قېتىم مەن توجۇپىلەپ ئەتكەن، سىقىنغان تاماققا ئېغىز تەگكۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتىم. سىرداش-قۇم كەلگەن، سېغىنغان چاغلىرىمدا، باش قوشۇشۇپ بىر تەرەپ قىلمىساق بولمايدىغان ئائىلە ئىشلىرىدا ئۇنىڭ يېنىمدا بولمىغانلىقىدىن

كۆڭلۈم يېرىم بولغان بولسىمۇ، ئىمكان بار يولدىشىمنىڭ سىياقىدىن، مىجەزىدىن، ھەتتا ۋاقتىدىن ئەرلىكنى ئىزدەيتتىم. ئۇنداق بولمىغاندا، سۆيگۈنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدىن جاھان ئۆگتەي - توگتەي بولۇپ كېتەتتىمىكىن؟

— ئاپا، ئاپا، ئاۋۇ توشقانغا قارا!

ئوغۇللىرىمنىڭ چۇرقىراشلىرىدىن خىيالىم بۆلۈندى. ئۇلار كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىغۇچە توشقان ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىپ، بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، نېمىگىدۇر قىزىقىشىپ، دومىلىشىپ ئويناۋاتقان ئوغۇللىرىم شۇ تاپتا تېخىمۇ سۆيۈملۈك......

كۆز ئالدىمدىكى غەمسىزلىك، يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان قىشلاقلار، تىنىق ئاسمانغا ئاستا - ئاستا يامراۋاتقان قىزىللىق، قۇم بارخانلىرىنىڭ تۆۋىنىدىكى جاڭگالدا ئوتلاۋاتقان شالاڭ قوي پادىسى......

بۇ قوي سۈپۈرگاخۇنكامنىڭمىكىن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. كىچىك چاغلىرىمدا پۇتلىرىنى ئالماپ ماڭىدىغان، كېكەچرەك بۇ ئادەمگە قىزىقسىنىپ قارايتتىم. قويلىرىنى ھەيدىۋېتىپ تىرىكتۇرمەكچى بولاتتىم. ئەمەلىيەتتە تېرىكىدىغىنى، خاپا بولۇشنى ئەسلا بىلمەيدىغان بۇ ئادەمگە ھېسداشلىق قىلىدىغىنى مومام بولۇپ چىقاتتى.

بۇ يۇرتتا سۇپۇگاخۇنكامنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بىرەر ئىش بولمايتتى. ئالدىنقى قېتىم مەن يۇرتقا كەلگەندە، سۇپۇگاخۇنكام ئۇچراپ:

— نەۋرىلەردىن بولسىمۇ بىرەرسىڭلار ئۆينىڭ چىرىغىنى يورۇتۇپ ئولتۇرمىدىڭلار، كېلەر قېتىم سىلەر كەلگۇچە بۇ ئۆي تۇرامدۇ - يوق، بىلگىلى بولمايدۇ. كۇننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ، تۇداخۇن (كىچىك هاممامنىڭ ئېرى) ئىمىن ياۋاشنىڭ ئوغلىغا ئۇتتۇرۇۋېتىپ قەرزدار بولۇپ قاپتىكەن، بۇ ئۆينى قەرزگە هېسابلاپ بېرىمەن دەپ يۈرگەندە، كەنت كادىرلىرى، ئۇ، بۇلار ئارىلىشىپ ئۆينىڭغۇ ساقلاپ قالدى......— دېگەنىدى.

ھەقىقەتەنمۇ شۇ خىل ئەھۋال تەكرارلىنىپ قالغان بولسىچۇ؟ مومام ھەربىر تال ۋاسىسى، ھەتتا بىرەر چاپلاق لايلىرىدىنمۇ بوۋامنىڭ تىنىقىنى ئىزدەپ كەلگەن بۇ ئۆي مۇشۇنداقلا يوقالسا - ھە؟! قىيالماسلىق مېنى قىيىنىدى!

ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاي دەيمەن ئۆز - ئۆزۈمگە......

— نېمىش قىلىۋاتقاندۇ ماۋۇ باللار؟— دېگىنىچە كىچىك ھاممام ئاسماندىن چۈشكەندەك يېنىمدا پەيدا بولدى.

— مەيداندىكى ئېتىزلىقتا ئىدىم، ماشىنا بۇ تەرەپكە قايرىلىپ ھايال بولماي ئۆتۈپ كەتتى.

دەسلەپ پەرۋا قىلماپتىمەن، كېيىن سىلەرنى كېلىپ قالغان بولمىسۇن يەنە دەپ كەلسەم، راست كەپسىلەر....... — دېدى هامام چۈشەندۈرۈپ.

بىز قىزغىن بولالمىدۇق. ئوغۇللىرىمىنىڭ مەيلىگە باقسام مۇشۇ قوم دۆۋىلىرى ئۈستىدە تۈنىگۈسى باردەك.

— كەنت كادىرلىرى كۆچ تەشكىللەپ كونا ئۆينى چېقىۋېتىپ ئاۋۇ ئۈچ ئېغىز ئۆينى قوپۇرۇپ بەردى. سىز بىلىسىز، هېلىقى مەمەت سەيپۇڭنىڭ ئوغلى نۇراخۇن كەنتىمىزگە سېكرېتار بولۇپلا مۇشۇ ئۆينىڭ گېپىنى قىلغىلى تۇرغان. دادىڭىزنى بۇ ئۆينى ئوگشاشقا يېتىشەلمىدى، خىزمىتى ئالدىراش، يېزىمىزدىن چىققان تۇنجى زىيالىينىڭ هۆرمىتىنى قولىمىزدىن كېلىشچە قىلمىساق بولمايدۇ، دەپ يۈرۈپ مۇشۇ ئىشلارنى قىلدى. سىلەرنى يۇرتنى يوقلايدىغان ۋاقىتقىچە ئۆيلەرمۇ پۈتۈپ كېتەر دەپ ئويلىغان تېخى.

هامامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدىم. ئارقىدىنلا كۆز چاناقلىرىمغا سىغمايۋاتقان ياشنى بارماقلىرىم بىلەن باستىم. مەن خۇشال بولغاندىمەنمۇ؟ موماملىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كونىلىق يەتكەن ئۆيلىرى ساقلىنىشى كېرەك بولغىيمىدى؟ نۇراخۇننىڭ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشىنى دادامغا بولغان هۆرمەت دەپلا چۈشىنەيمۇ؟ ئۇ ئۆزىنى

«نۇر» دەپ ئاتايدىغان، ئانىسىنىڭ كۆڭلى-
كىدىن ئاشقان ئالىقانچىلىك دۇخاۋنى سەھرا-
دىكى دوستلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان ھۈنىرى بىلەن
مۇنچاقلىق قول ياغلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىگە
يادىكار قىلىپ بەرگەن، كېيىن قىلغان ئىش-
لىرىدىن نومۇس ھېس قىلىپ، ئۆزىدىن قېچىپ
يۈرگەن ساددا قىزنى ئۇنتۇمىغان بولسىچۇ؟.......

مەن دەقىقە ۋاقىت ئىچىدە بالىلىقىمدىكى
ئاشۇ كىچىككىنە ئىشنى ئېسىمگە ئالدىم - يۇ،
نۇرنىڭ چىرايىنى تازا ئەسلىيەلمىگىنىمدىن
يىللارنىڭ تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ چاغ-
لارنىڭ خېلىلا كىچىك چاغلىرىمىز ئىكەنلىكىنى
جەزملەشتۈردۈم.

ھاممامنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئوغۇللىرىم
ئېغىل، كاتەكلەرگە كىرىۋېلىپ، تاماقمۇ يېگىلى
ئۇناشماي ھاممامنىڭ ئۆيىدىكى چوڭ - كىچىك
ھەممەيلەننى يالۋۇرغۇزۇۋەتتى. ئامالسىز چوڭلىرىمىز
كىچىكلەرنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، داستىخاننى
چۆرىدىۋالغىنىمىزچە ھويلا قاراڭغۇلۇققا چۆمۈل-
گەنگە قەدەر ئولتۇرۇپتۇق.

ھاممام مېنىڭ يېنىمغىلا ئورۇن راسلاپ
ياتتى. ئۇ خېلى بىر كېچىگىچە مۇشۇ مەھەل-
لىدىكى ئالاھىدە ئىشلارنى، بالىلىرى، يولدىشى
توغرىسىدىكى ئىشلارنى زېرىكمەي سۆزلەپ
چىقتى. شۇ قاتاردا نۇرنىڭ ئايالى، بالىلىرى

ھەققىدىمۇ سۆزلىدى. ھامامنىڭ دېيىشىچە نۇرنىڭ ئايالى پاكىز، ئىشچان، ئەمما ھامامنىڭ قىزلىرى-چىلىكمۇ كىيىنىشنى بىلمەيدىغان ئايال بولسىمۇ، نۇر ئايالىنى بەك ھۆرمەتلەرمىش. تېخى نۇرنىڭ ئايالىنىڭ قاش - كۆزى ماڭا ئوخشارمىش......

— كېلەر قېتىم كەلگەندە ئۇلارنى چوقۇم يوقلايمەن، نېمىلا بولمىسۇن بىز ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ، بىز ئۈچۈن جىق ئىشلارنى قىپتۇ، — دېيىشىمگە، ھامام جىددىيلەشتى:

— ئەتىلا ماڭىدىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟

— ئەتىلا ماڭمىسام بولمايدۇ، ھاما. بالى-لارنىڭ دادىسى يالغۇز قالدى ئەمەسمۇ......

— ۋاي، تولا گەپ قىلماي ئۇخلىڭە بالام، ئېرىڭىزنى ئوغرى ئېلىپ قاچمايدۇ، يېنىدا پۇلى باردۇ، بىرنەچچە كۈن بازاردىن تاماق يېگەنگە ئەقلى بۇلغىنىپ كەتمەيدۇ. بالىلىرىڭىز ئاياغ، پايپاقلىرىنى سېلىۋېتىپ، قۇمدا يۇمىلاپ بىرنەچچە كۈن ئوينىۋالسۇن، سىزمۇ قۇمغا كۆمۈلۈۋېلىڭ، بەل - پۇتلىرىڭىز ئاغرىمايدۇ. سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى مەھەللىدىكىلەر بىلگەن بولسا، سىز ماڭىمەن دېسىڭىزمۇ مېھمان قىلىۋال-ماي ماڭغىلى قويمايدۇ. ئادەمنى چوڭ كۆرىدىغانغىمۇ ئادەم لازىم جۇمۇ. ئېرىم، ئېرىم دەپ ئېمىدىغان بالىڭىز قېپقالغاندەك غەم قىلىدى-كەنسىز......

ھامامنىڭ گەپلىرىدىن كۆلۈۋېدىم، ھامام غودۇرىغىنىچە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، يوتقانغا بېشىنى پۈركىدى.

تاڭ ئاتارغا يېقىن چۈش كۆرۈپتىمەن. چوڭ ئوغلۇم ياتاق ئۆينىڭ بالكونىدا قوراشتۇرۇپ قويۇلغان رەسىم تاختىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ رەسىم سىزىۋاتقۇدەكمىش. ئۇنىڭ كەسىپ ئىگىدىلىرىدەك ھالىتى، ھەرىكىتىگە قاراپ، مەسىلىكىم كەلگەنلىكتىن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ رەسىمگە قاراپتىمەن. مۇشۇ بالكون، بالكونىنىڭ ئىككى تەرەپ ئوچۇق دېرىزىسىگە ئارتىلىپ ئولتۇرغان ئىككى بالا، دېرىزە سىرتىدا شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن قۇم بارخانلىرى، قۇم بارخانلىرىنى قاماللاپ تۇرغان بىرنەچچە تۈپ توغراق....... رەسىم بەك ئۆلچەملىك بولمىسىمۇ، رەسىمدە چوڭقۇر مەزمۇن ئىپادىلەنگەنلىكىنى بىر قارىسىلا بىلگىلى بولغۇدەكمىش، ئىنچىكىلەپ قارىسا توغراقنىڭ بىر تال شېخى «قۇم ئارال» دېگەن خەتنىڭ سەنئەتلىك شەكلىگە ئوخشارمىش......

ئويغىنىپلا ئوڭ يېنىمدىكى ئورۇندا يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بىر جۈپ ئوغلۇمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزغۇم يوق تۇرۇپ، سۆيۈپ ئويغىتىۋەتتىم.

— ئوغلۇم، ھېلىلا ماڭىمىز، قۇم دۆۋ-

-لىرىگە يەنە بىر يامىشۋالامسىلەر؟

ئوغۇللىرىم ئېرىندى. مەن ئۇلارنى تەكرار - تەكرار سۆيۈپ تېرىكتۇردۇم. ئۇلارغا سۆيۈشلىرىم ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالەتتىكى تېرىكىشلىرى، سۆيۈشلىرىمنىڭ ئېغىر كېلىشلىرىدىن، ئۇلارنىڭ چۈشلىرىنى قىياس قىلىپ قالدىم.

ئوغۇللىرىم قۇم ئارالنى چۈشىگەندەك قىلاتتى.



# يامغۇر پۇرىقى

پېشانەمدىكى تومۇرىسىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىلىنىغانىدەك كۆرۈنىدىغان سىزىقنىڭ پەيدا بول ـ غىنىنى سەزگىنىمدە، ئەينەكنى تۇتقان قوللىرىم كۆرۈنەرلىك تىترەپ كەتتى. ئاشۇ سىزىق، ئاشۇ سىزىقنىڭ روھىيىتىمدىكى بېسىمى تولىمۇ كۆڭۈلسىز خاتىرە سۈپىتىدە مېنى بىئارام قىلسا بولاتتى ـ يۇ، ئەكسىچە ئەينەكتىكى ئۆزۈمگە قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

كۆز ئالدىمدا پېشانىسىدە چوڭقۇر ئۈچ تال سىزىقى، يۈزىدە كۈلگەنىدە پەيدا بولىدىغان بىرنەچچە تال سىزىقلىرى بىلەن چىراي ئالا ـ ھىدىلىكى گەۋدىلىنىدىغان ئاشۇ كىشىنىڭ سىماسى روشەنلەشكەنسېرى ۋۇجۇدۇمنى ئىسسىق بىر ئېقىم چۇلغىدى.

«مەخمۇت، يىللار چىرايىڭغا يەنە قانچىلىغان سىزىقلارنى سوۋغا قىلغاندۇ؟.......» دېدىم ئۆزۈمچە شىۋىرلاپ.

مەخمۇتنى دەسلەپ ئۇچراتقاندا مەندىن خېلىلا چوڭ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. سەۋەبى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ چىرايىدىكى سۇس قورۇقلار، چاچلىرىنى ئارىلىغان ئاق ئىدى.

ئۇنىڭ مەندىن پەقەت ئىككى ياشلا چوڭ ئىكەن-لىكىنى بىلگەن چېغىمدىكى ھەيرانلىق ئۇنى كۈلدۈرگەنىدى.

— مېنى ئاكامدىن چوڭراق كېلەر دەپ ئويلىغانمىدىڭىز، رەيھان؟

— نېمانچە موللا تاپقاقسىز؟

— راستما؟

— ھەي ئىسست، رەيھانگۈلدەك كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان رەيھانسىز، مېنى كۆزگە ئىلماپسىز، قورۇلغان بىر سويمىنى قوغلىشىپمۇ قالارسىز، — ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى ئاڭلاپ يەڭگىل-تەكلىك قىلغانغا تويدۇم، يۈزۈم ئوت بولۇپ ياندى......

كېيىنچە ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تۇيغۇلىرىمغا بوسۇپ كىردى. مەن رىئاللىقنى قوبۇل قىلال-مايتتىم. ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان دىل ئاغرىقلىرىم ئۇنىڭغا بارغانسېرى چىگىلىپ كېتىۋاتقان مېھرىم بىلەن تىركىشىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ يۈرتتىن كېتىش خىيالىدىن ۋاز كېچەلمىدىم. ئۇنى ئۇمىدلەندۈرۈپ نېمە قىلاي؟

— بۇ يەردە ئىشلەپ قېلىش نىيىتىڭىز يوقمۇ؟

— مەن بۇ سەھراغا ئۆچ!

ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماڭا

مۇشۇ گېپىم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تېتىغۇدەك جاۋاب بەرگەن بولاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ ئولتۇرۇپ كېتىۋىدى، مەن شېئىرىي تۇيغۇ ئىزدىگەن گۆگۈمـ ـدىكى قىشلاقلار، سۇزۇك تۇمانلار، قاسراقسىمان شور ئۆرلەپ تۇرغان تۇپراق، مېنى چوڭ بىلگەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر...... نىڭ نالىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.......

شۇ كۈنى ئاخشام قولۇم زادىلا ئىشقا بارمىدى. تاماقىمۇ رايىم يوق...... ئېرىنـ ـچەكلىك بىلەن چاي دەملىدىم. ئۇ ياتاققا كىرگەندە چاي ئىچىدىغان پىيالە قولۇمدا تۇرۇپتۇ. ياتىقىمدا ھېچقانداق پىيالىگە ئوخشىمايدىغان مۇشۇ بىر تال پىيالە بار ئىدى. ئۇ ياتىقىمغا كىرگەندە چاي قۇيۇپ بېرىدىغان پىيالىنىڭ باشقا پىيالىلەرگە ئارىلىشىپ كېتىـ ـشىدىن ئېھتىيات قىلاتتىم. ئۇ چىقىپ كەتكەندە ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزۈم چاي ئىچەتتىم. ئۇنىڭ ھىدىنى سۈمۈرمەكچى بولغاندەك، ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىماقچى بولغاندەك ھۇزۇرلىنىپ چاي ئىچەتتىم. قولۇمدا پىيالە، ئۇنىڭدىكى چايمۇ ياكى كۆز يېشىمۇ ئىشقىلىپ ئىچىۋەتتىم.

تېنىمنى شۇركەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلەر يەنە مېنى ئازابلاشقا باشلىغانىدى:

يېزا باشلىقىنىڭ گەپىدىن ئەلچىسى يېزا

باشلىقىنىڭ قەدىناس ئايالىنىڭ تۇغمىغانلىقىنى، شۇڭا ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، مەن بىلەن توي قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى قانچە قېتىم-لاپ دېگەندۇ؟ مەن شۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشتىن قورقىدىغان بولدۇم.

ماگىزىنغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى كىرسەم ماگىزىنچى بوۋاي تۇيۇقسىز كۆكسۈمنى چىمدىۋېلىشقا ئۇلگۇرگەن ھېلىقى كۈنى خورلۇق-تىن تولغىنىپ-تولغىنىپ يىغلىمىدىممۇ؟ ئەتراپىمدىكى ھەممىلا نەرسىدىن چۆچۈيدىغان بولدۇم.

ئېتىزلارنى ئارىلاپ ياتاققا قايتىش يولۇمدا ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلەۋاتقان ياشلار مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، تامىقىنى چاكىلدىتىشقاندا ياشاش ئىمكانى قالمىغان جانىۋاردەك ئازابلىنىپ، شۇنچە كەڭ جاھاننىڭ ماڭا تار بولۇۋاتقان-لىقىدىن ئاغرىنمىدىممۇ؟ ھەربىر دەقىقەمدە قانات ياساپ ئۇچۇپ كېتىشنى خىيال قىلىدىغان بولدۇم.

......

مەخمۇت مېنى ھىمايە قىلىش غەرىزىنىڭ بارلىقىنى تالاي قېتىم بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىر تەبىئىتىمگە جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان بۇ خىل مۇھىتتا مۇھەببەتلىك ياشاشقا ئىشەن-نەلمىدىم. تۇرمۇشنى رىۋايەتلەردىكى مەلىكىلەر-

نىڭ ئوتتۇنچى يىگىت بىلەن ياشاشنى تاللى-
غىنىدەك مەردانىلىك بىلەن ئۆلچىگىلى بول-
مايتتى......

مانا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىرنەچچە يىللار بوپتۇ. بەلكىم بالىلىقمۇ بولۇپ كەتكەندۇ. تۇرمۇشنىڭ جەبىر - جاپالىرى چىرايىدىكى سىزىقلارنى كۆپەيتىپمۇ قويغاندۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ سىزىقلار ئۇنى يېقىملىق قىلىپ كۆرسەتتى، مېنىڭ پېشانەمدە پەيدا بولغان سىزىقلارنىڭ ئۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئون ياش، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ساۋاقداشلىرىم مېنى «ئىسمىگە كلا چىرايلىقسەن» دېيىشەتتى. مەن ئۇچۇن گۈل ئەمەس، تىكەن بولساممۇ ياخشىراق بولغانىكەن، دەيمەن بەزىدە.

ۋاقىت ئاللىقاچان بىر يەرگە بېرىپ قالغان-
دى. مەن بۈگۈن ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن رېستورانغا بارماقچى ئىدىم. ئۆزۈمنى تۈزەش-
تۈرۈۋالاي دەپ ئەينەكنى قولۇمغا ئالغانچە خىيال-
غا غەرق بوپتىمەن.

بۈگۈن بۆلۈم مەسئۇلىمىز ۋىلايەتتىن چىققان مۇپەتتىش ئۆمىكىدىكىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى رېستوراندا مېھمان قىلماقچى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشى ئۈچۈن، مەن ۋە ماڭا

ئوخشاش گۈللەرنى سورۇننىڭ يارىشىقى قىلماق-
-چى. نېمىشقىدۇر ئىككىلىنىپ تۇرۇپمۇ يەنە
كەلدىم. ۋېلىسىپىتمنى قولۇپلاپ بولۇپ، 3-
قەۋەتتىكى رەڭلىك چىراغلار يېنىپ-ئۆچۈپ
تۇرىدىغان، قولاقنى يارغۇدەك مۇزىكا ئاۋازىنى
خېلى يىراقلارغا تارقىتىۋاتقان زالغا قارىغىنىمچە:
«بۇمۇ ئادەم كىرىدىغان يەرغۇ، ناھايىتى مېھ-
-مانلار بىلەن بىرنەچچە قول تانسا ئوينارمەن، مېنى
يەۋەتمەيدىغۇ، مېنى قىلمىشىم ئۈچۈن جازاغا
تارتىدىغان يولدىشىم بولمىغاندىن كېيىن.......»
دېدىم ئۆزۈمگە.

— خانىم، ياردىمىمىز كېرەكمۇ؟

ئۆزۈمنىڭ زال ئىچىگە كىرىپ بولغىنىمنىمۇ
سەزمەپتىمەن. مۇلازىمەتچى قىزنىڭ سوئالى ماڭا
گويا: «كۆڭلىڭىز تارتمىغان يەردە نېمە بار
سىزگە؟» دېگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ماڭا بۇ يەردە نېمە بار زادى؟!

دەرھال ئارقامغا ياندىم. مېڭىپ چىقتىممۇ،
ئۇچۇپ چىقتىممۇ بىلمەيمەن. ۋېلىسىپىتمنى
يېتىلەپ كېتىۋاتىمەن، تېخى بايىلا ئاندا-
ساندا چۈشۈۋاتقان يامغۇر كۈچىيىپ قاپتۇ.

يامغۇر چۈشمەكتە. مەن يامغۇرنىڭ پۇرىقىنى
سېزىۋاتاتتىم. يامغۇر يولنىڭ ئىككى قاسنىقى-
-دىكى چىنار دەرەخلىرىنىڭ ياپراقلىرىنى يۇيۇپ
چۈشكەندە، ئۇچقۇلاقلارنى پاكلاۋاتقاندا، ماي

يوللارغا سىڭەلمەي تاراسلاۋاتقاندا، دىمىقىمغا شۇنداق يېقىملىق بىر پۇراق ئۇرۇلدى. كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، يۈزۈمنى ئاسمانغا قاراتتىم. مېنىڭ يامغۇرغا ئايلىنىپ كەتكۈم كېلىۋاتاتتى......

— يامغۇردا قاپسىزغۇ؟

تونۇش بىر ئاۋاز، تونۇش بىر تىۋىش مېنى چۆچۈتتى. مەن تېخى بايىلا خىيال قىلغان، سېغىنغان ئادەم يېنىمدىلا تۇرۇپتۇ.

— مەخمۇت سىزكەنسىزغۇ، تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق ئەمەس، رەيھان، ئازراقمۇ تىنچلىق ئەمەس. مېنىڭ روھىم ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن، روھى يوق ئادەم تىنچلىق بولامدۇ؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، يالغۇزمىسىز، قەيەرگە ماڭغانتىڭىز؟ — دېدىم مەخمۇتنىڭ ئازراق ئېچىۋالغانلىقىنى بىلىپ، مېڭىشقا ئالدىراپ.

— ئالدىرىماڭ، مەن قانداقلارچە يالغۇز بولىمەن. يېنىمدا سىز بارغۇ......

مەخمۇتنىڭ گەپلىرى قېيىپ، قوللىرى ۋېلىسىپتىنىڭ رولىنى تۇتقان قوللىرىمغا ئۇزۇـ ـتۇلغاندا سىلكىنىپ ۋېلىسىپىت بىلەن تەڭ ئارقىمغا داجىدىم. كۆز ئالدىمدىكى مەخمۇت مەن سۆرگەن شېرىن خىياللاردىكى مەخمۇتقا ئوخشىمايۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا ھەرقاچان بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان خاراكتېرىنى چوڭ بىلگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بۇ خىل چۈشـ

ـكۈن ھالىتى مېنى ئەنسىرەتتىمۇ، ئۇنى قويۇپ قويۇپ مېڭىشقا كۆزۈم قىيمىدىمۇ تېگىرقىدىم.

— مېنى بۈگۈن يالغۇز قويماڭ، رەيھان. مەن سىزنى تاپتىم، ئەمدى كەتكۈزمەيمەن......

مېنىڭ ئۇنى تاشلاپ كەتكۈم بولمىسىمۇ، ئۇنى قولتۇقلىۋېلىپ تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا پەرۋا قىلماي بىرەر مەنزىلگە بېرىشىمغا ھېچقانداق توسالغۇ كۈچ يوق تۇرۇپمۇ...... كوچىدا ئۇنىڭ بىلەن تارتىشماق ئوينىغاندەك تارتىشىپ تۇرالايدىغان جۈرئەتكە كېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەن ۋېلىسىپىتىمگە مىنىپ مېڭىشىمۇ خىيالىمغا كەلمەي، يۈگۈرگەندەكلا مېڭىپ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتتىم. يىراقلاپ كەتتىم - يۇ، ئۇنىڭ كوچىدا يالغۇزلا قالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئازراق ئىچىۋالغانلىقىنى ئويلاپ كۆزۈم ئارقىدا قالدى. يامغۇر چۈشمەكتە، ئۇ يامغۇردا قالدى. مەن يامغۇرلۇق كۈننى ياخشى كۆرەتتىم، ئەمما بۈگۈن يامغۇرنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى ماڭا ئېغىر كەلدى.



# ئاشۇ كۈنلەردە

بۈگۈن يەنە قەبرىستانلىققا كەلدىم. دادام ئۆچۈن سېلىنىۋاتقان قەبرە پۈتۈپتۇ. ئەزەلدىن چاڭقاقلىقى قېنىپ باقمىغان بۇ يۇرتنىڭ دەردىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قەبرىستانلىقنىڭ شەرققە مايىل ئوتتۇرىسىدا يېڭىدىن پۈتكەن، ئانچە سىلىق سۇۋالمىغان بولسىمۇ باشقا قەبرىلەرگە قارىغاندا ئېگىزرەك كۆرۈنىدىغان قەبرىدە ساناقلىقلا كۈنلەردىن كېيىن دادامنىڭ ياتىدىغانلىقى مېنى ئازابلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ...... بوۋام، مومام، ئانام سەلكىن شامال قومۇشلارنىڭ شۇۋىرلاشلىرىنى ئېلىپ كىرەلمەيدىغان، دەرەخلەر سايىسىنى چۈشۈرەلمەيدىغان، باللار كېلىپ ئىشىكنى چېكەلمەيدىغان...... دادامنىڭ قەبرىسىنى ئۆزىگە ياندىشتۇرۇپ، جىمجىتلىققا چۆكۈۋالغان مۇنۇ قەبرىلەردە ۋۇجۇدۇمغا يىغا ئولاشتۇرۇپ ياتاتتى. مېنى سۈر باستى. شۇ تاپتا مەن قەبرىستاندا تۇرۇپ قەبرە ئىچىدىكىلەرنى سېغىنىۋاتاتتىم. سېغىنىشىم كۈچەيگەنسېرى ئۇلار بىلەن بىللە ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغۇدۇم، ئۇلار ھەققىدە كىملەر بىلەندۇ مۇڭداشقۇم كەلدى.

چەللە ئاستىدا پۈكلىنىپ قالغاندەك كۆزگە چېلىقىدىغان لاي سۇۋاق ئۆي، ئۆينىڭ يان بېقىنىغا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان ئىچكىرى - تاشقىرى ئېغىل، بوۋام، مومام، مەن ھەم شوخ بىر جۈپ كېپىكىمىز ئۈچۈن خاس بولغان دۇنيانى دائىرىگە ئېلىپ تۇرىدىغان ھويلىمىزنىڭ شادلىق ئىشىكى...... چۆچەكلەردەك سىرلىق، مېھىرلىك يېزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە مېنىڭ بالىلىق قەلبىمنى ئىللىقلىققا چۆمۈلدۈرگەن ھەربىر شەيئى...... بىر - بىرلەپ ئېزىنى يوقاتقان بولسىمۇ، تەبىـ ـئەتنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق دەپ تەسەللى تېپىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، سېغىنىشتىن يۈرىكىم تىلىندى!

كۆز ئالدىمدا غۇۋا بىر سىيما. ئۇ ئۆگى ئاق، كەڭ پېشانىسى، گۆشسىز مەڭزلىرى چوڭقۇر سىزىقلار بىلەن قاپلانغان، كەكە ساقال، ئوتتۇرا بوي، تەبىئەتلىك، خىزىر سۈپەت بىر بوۋاينىڭ سىيماسى...... بوۋاي كىچىككىنە تۆگىلۈكتىن چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرىغا تىكىلىنىپ ئولتۇرۇپ خام توقۇۋاتاتتى.

— بوۋا، ماڭىمۇ خام توقۇشنى ئۆگىتىپ قويە، — دېدى بوۋاينىڭ يېنىدا بوۋاينىڭ ھەرىكىتىگە قىزىقسىنىپ تۇرغان قىزچاق.

— سەن چوڭ بولغاندا چوڭ زاۋۇتلاردا رەخت توقۇشنى ئۆگەن، ياخشى ئۆگىنىپ جىق

شاگىرتلارنى چىقار، — دېدى بوۋاي كۆلۈپ كېتىپ.

— مەن چوڭ بولسام رەخت توقۇمايمەن، دادامغا ئوخشاش ساقچى بولۇپ ئەسكى ئادەملەرنى تۇتىمەن، — دېدى قىزچاق تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ.

— تۇمشۇقۇڭنى ئۈچلىما جىنتەك، رەخت توقۇمايدىغان ئادەم نېمىشقا ماڭا شاگىرت بولۇشنى ئويلاپ قالدىڭ؟— بوۋاي قىزچاقنى تىزىغا ئېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ پېشانىسىگە سۆيدى.

— ساڭا ياردەملىشەي دېگەن.

قىزچاقنىڭ گېپى بوۋاينى ئىچ - ئىچىدىن كۆلدۈردى. ئۇ قىزچاقنى باغرىغا باسقىنىچە هويلىغا چىقىپ نەچچىنى پىرقىرىدى......

ئاشۇنداق بەخت تۇيغۇسى ئۇنتۇلسۇنمۇ؟...... ئۇ بوۋاي بوۋام، هېلىقى قىزچاق مەن ئىدىم.

بوۋام مېنى ئېشىكنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈۋېلىپ بازارغا، ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە ئاپىراتتى. تېخى بىر قېتىم بوۋام بىلەن ئىككىمىز ئېشەككە مىنىپ، شەهەرگە — دادام بىلەن ئانامنىڭ قېشىغا بېرىشقا مەسلىهەتلەشكەن. ئەپسۇس، بۇ نىيەت نىيەت بولماي، چوڭ دادام ئالەمدىن ئۆتكەندى.

مەكتەپ يېشىغا توشۇپ، شەهەرگە —

دادام بىلەن ئانىلارنىڭ يېنىغا كەتكەندىن كېيىن-
كى بىر يازدا، دادام ئىنىم بىلەن ئىككىمىزنى
ئېلىپ مومامنى يوقلاپ كەلدۇق. مومام ئۆيدە
يوق. شادلىق ئىشىككە مومام ئاچقۇچىنى پات -
پات سۇ مېيى تەگكۈزۈپ قويۇپ ئىشلىتىدىغان
ئۇزۇن قۇلۇپ سېلىنىپتۇ. دادام ئىككى قولى
بىلەن ئىشىكنىڭ شادىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ،
خېلى ئۇزاققىچە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىدى.
ئۇكام بىلەن ئىككىمىز دادامغا قاراپ يىغ-
لىدۇق. مەن ئەركىشىنىڭمۇ يىغلايدىغانلىقىنى
شۇ چاغدا بىلگەن. كېيىنچە بولسا دادام كۆزۈمگە
بەكلا بىچارە كۆرۈنىدىغان بولدى. چۈنكى،
دادامنىڭ بىزگە ئوخشاش «دادا» دەپ چاقىرى-
دىغان دادىسى يوق ئىدى......

مومام بەك كۆپ ھېكايىلەرنى بىلەتتى. پەي-
غەمبەرلەر ھەققىدە، جىن - شاياتۇنلار ھەققىدە،
ئاتا - بوۋىلىرى ھەققىدە، شۇ مەھەللىدىكى
قايسىبىر كىشىلەر ھەققىدە مېنى ئاغزىغا قارىتىپ
سۆزلەيتتى. ئېسىمدىن پەقەتلا چىقمايدىغىنى
مۇشۇ مەھەللىنىڭ يۇقىرىدا ئۆيى بار بىر تېۋىپ
ھەققىدىكى ھېكايە. ئۇ تېۋىپ مۇشۇ يۇرتتا توي
قىلمىغان قىزى بارلىكى ئائىلىگە قىز سوراپ
كىرىپتۇ. لېكىن، ھېچكىممۇ بۇ تېۋىپقا قىزىنى
ياتلىق قىلىشقا ئۇنىماپتۇ. تېۋىپ ئاچچىقىدا
ئانىسىنى «سەن ئەسكى بولمىساڭ، خەقلەر ماڭا

قىزنى بېرەتتى» دەپ كاتتا سولاپ قويۇپتۇ. بۇ ئانا بەك يىغلاپتۇ...... مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولغاندا ھېلىقى تېۋىپ تارتىپ چىقىرىلىپتۇ، تاياقنىڭ دەستىدىن ئېغىزىدا چىشلىرىمۇ قالماپتۇ. موماڭ تېۋىپنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىنى ئۇنىڭ ئانىسىنى كاتتا سولاپ قويۇشى بىلەن باغلايتتى......

مومامنىڭ كېلىشىملىكلىكىنى تەسۋىرلەپ بولالمايمەن. مەن ئەلگەكتە ئۇن تاسقاشنى، چۆچۈرە تۈگۈشنى، قول ئىشى قىلىشنى مومامدىن ئۆگەنگەن. موماڭ ماڭا ئاق داكىدا قولدا بىر كۆڭلەك تىكىپ بەرگەنىدى. كۆڭلەكنىڭ ئالدى بېشىم پاتقۇدەك قىلىپ ئېچىلغان، كۆنجىكىنى چىگىش ئۇچۇن ساڭگىلىتىپ قويۇلغان يىپنىڭ ئۇچىدا قىپقىزىل دۇخاۋىدا گىلاستەك چوڭلۇقتا تۈگۈلگەن مۇنچاق گىلدىڭشىپ تۇراتتى. مەن بازار كۈنى كەلگۈچە ئاشۇ كۆڭلەكنى كىيىشكە ئالدىراپ كېتەتتىم. موماڭ تىكىپ بەرگەن بۇ كۆڭلەكنى كىيىپ بازارغا بېرىپ، مومامنىمۇ بەك خۇش قىلىۋەتكەنىدىم.

ئاق داكا كۆڭلەكنىڭ گىلاستەك چوڭلۇقتىكى ھېلىقى دۇخاۋا مۇنچىقى بەك ياراشقانىدى. تېخى مەن ئاق داكىغا ئانام رەشلىيە ئىشلەشتە، دۇخاۋا گۈل تىكىشتە ئىشلىتىدىغان كەرگۈنى كېرىپ گۈل تىكسەم قانچىلىك

چىرايلىق بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم.
ئانام تولىمۇ چىرايلىق ئايال ئىدى. ئۆزى زىلۋا، غۇنچە بوي، چاچلىرى تېقىمىدا سويلاپ تۇرىدىغان، يوغان قوي كۆزلىرى كۈلسە پۈتۈن خاپىلىقنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان مەزلۇم ئىدى. ئانامنىڭ قولى گۈل ئىدى. گىلەم توقۇيتتى، دوپپا تىكەتتى، ماشىنىچىلىق قىلاتتى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن بولسىمۇ، بىز بالىلارنى باقىمەن دەپ كۆپ قېتىم خىزمەت پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، تۇرمۇشىنى جاپادا ئۆتكۈزگەنىدى. ئۆزىنىڭ يەكۈنلىگەن ساۋىقىدىنمىكىن ھۆكۈمەت خىزمىتىنى چوڭ بىلەتتى. شۇڭا، بىزنى ياخشى ئوقۇشقا ئۈندەپ، ئوقۇشتىكى نەتىجىلىرىمىز بىلەن خۇشاللىق تېپىپ ئۆتەتتى.
ئانامنىڭ بىز بالىلار ئۈچۈن، دادام ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپمۇ «بالام، كېسىلىم ساقىيىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇشقا نېسىپ بولسا، باللىرىڭلارنى ئۆز قولۇم بىلەن بېقىپ بەرسەم.......» دېگەنىدى. ئانامنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغان شۇ مىنۇتلاردىكى ئارزۇسىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي ئانامنىڭ يۈزلىرىگە يۈزلىرىمنى يېقىپ يىغلىغانىدىم.
ئانام سەكراتقا چۈشكەن ئاخشىمى دادام ئانامنىڭ كىيىم ئاسقۇدىكى چاپىنىنى ئېلىۋېتىپ:

«ئانــاڭلار ئەمــدى قىينالمــسۇن» دېگەنــدى.
دىلىم ئاغرىدى، چىدىمىدىم! ئانامنىڭ دادامنىڭ يولىغــا تەلمــۈرۈپ ئۆتكــۈزگەن كــۈنلىرى كــۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئانامنىـڭ قىنىپ سۆيۈلمىگەن چىرايلىق لەۋلىرىگە قاراپ، دادام كۆزۈمگە بىر قىسـ-ـملا كۆرۈندى. ئەمما، كېيىنكـى كـۈنلەردە دادام ئانامسىز ئۇن نەچچە يىلنى ئانام تۇتقان چۆمۈچـ-ـنى ئـۆزى تۇتـۇپ، ئانامنىـڭ قولىدىن چۈشــ-ـمەيدىغان سۈپۈرگىنى كۆتـۈرۈپ، ئانـام كىيگەن كىيىملەرنــى ئــۇرۇق - تۇغقــانلاردىن قىزغىنىــپ ساقلاپ ئۆتكەنىدى. رەھمەتلىك ئانامنىڭ ياۋاش، مۇلايىم ئانىسى، مەرد، خۇش چاقچاق دادىسى دادامنى بىزگە قايتىدىن ئۇلۇغلاتتى.
مەن بىر ئىشقا ئۆكۈنۈپلا كەلدىم.
ئىككى تەرەپ بوۋا - مومىلىرىمنىڭ ئۆيىنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق سوزۇلغان شورلۇق، قومۇشلۇق ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە بارىدىغاندا ئانام مېنى يېتىلەپ، ئۇكامنى هاپاش قىلىپ، بىزنى ئاشۇ يول بىلەن هېلى گەپكە سېلىپ، هېلى ناخشا ئېيتىپ بېرىپ ئېلىپ ماڭاتتى.
— بالام، مەن سېنىڭ ئۆز ئاناڭمۇ، ئۆگەي ئاناڭمۇ؟— دەپ سورىدى ئانام، ئىنىمنىڭ ئۆز ئانا، ئۆگەي ئانا توغرۇلۇق سورىغان سوئالىغا مەن ئارقىلىق جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ.
— ئۆگەي ئانام، — دەپ جاۋاب بەردىم

سەل تۇرۇپ قىلىپ.

— ئەقىلسىز، مەن دېگەن ئۆز ئاناڭ.......— دەپ چۇشەندۇرۇپ قويىدى ئانام سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ.

ئانامنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلغان ئاشۇ دەقىقە بىزنىڭ ئانىسىز كۆنلىرىمىزنىڭ تاسادىپىي ئىپادىلىنىشى بولغىيمىتىكىن؟ ئۆزۈممۇ بىلمەستىن ئىغىزىمدىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ سۆز ئۈچۈن ھېلىھەم ئۆكۈنۈپ تۇرۇپتىمەن. تېخىمۇ ئۆكۈنىدىغىنىم، دادامغا بولسىمۇ بالىلىقنى يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمەيۋاتقىنىم ئىدى.

مانا ئەمدى دادامنىڭ بوۋام بىلەن موماممىنىڭ، ئانامنىڭ يېنىغا كەتمەكچى بولۇۋاتقىنى ماڭا ئادالەتسىزلىكتەك بىلىندى ھەم ئانىسىز، ھەم دادىسىز كۈنلىرىمىزنىڭ باشلىنىشى ھامىنى يۈزلەنمەي بولمايدىغان رېئاللىق بولسىمۇ، يېتىمچىلىكنىڭ مۇنداق بالدۇر كېلىشىنى قوبۇل قىلالمايۋاتاتتىم. دادام ئۈچۈن ياسالغان قەبرە ئۈستىگە تاشلىنىپ تۇرۇپ ئۇزاققىچە يىغلىدىم. مۇشۇ كۈنلەردە دادىمۇ كۆلۈپ تۇرۇپ يىغلايدىغان بولۇۋالغانىدى. دادام ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس ئىدى...... كەم سۆزلۈكى، داۋاملىق تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان قاپىقى دادامنى سۈرلۈك قىلىپ كۆرسەتمەيدىكەن ۋە ياكى يارىشىملىق ساقچى فورمىسىمۇ، خىزمەتتىكى كەسكىنلىكىمۇ

بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ كىچىك چاغلىرىمدا باشقىلارنىڭ دادامنىڭ نامىنى تىلغا ئالسا ئەيمىنىپ، ەك تىلغا ئېلىشلىرىدىن پەخىرلىنىپ كېتەتتىم.

ئەمدىلا ساۋاتىم چىققان يىللىرى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى بىلەن دادامغا ئەگىشىپ كىتابخانىغا كىرسەم، دادام مەن ئالماقچى بولغان «پۇرۇچ قورچاق ھەققىدە ھېكايە»نى ئۈنسىز رەت قىلىپ، «ئىنقىلابىي قۇربانلار ھەققىدە ھېكايە»نى ئېلىپ بەرگەنىدى. مەن دادام بىلەن پەقەت ئاشۇ بىر قېتىم كىتابخانىغا كىرگەنىدىم، دادامنىڭ كۆپ قېتىم كىتابخانىغا مەن بىلەن بىللە كىرگۈسى باردەك ھېس قىلاتتىم، ئۇنداق بولمايتتى. ئانام ھە دېسىلا دادامنىڭ ئىشى ئالدىراش، مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى......

دادام مېنى ئوقۇتۇپ بىرەر قېتىم ئوقۇتقۇچۇم بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغان بولسىمۇ، مېنىڭ ھەر قېتىم يۇقىرى نومۇر قويۇلىدىغان ئىمتىھان قەغەزلىرىمنى قولىغا ئېلىپ بىرەر قېتىم ماختاپ باقمىغان بولسىمۇ، ناھىيە بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تۇرۇقلۇق كۆڭلۈمدىكىدەك كەسىپكە تاللىنالماي كۆز يېشى قىلىپ دادامدىن ئۈمىد كۈتكەن چېغىمدا دادام خۇددى مېنىڭ دادام ئەمەستەك

پەرۋا قىلمىغان بولسىمۇ، دادامنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۆرۈنمەس بىر خىل كۈچ مېنىڭ بوۋاقلىقىمدىن باشلاپ مۇستەھكەم روھىمنى يېتىلدۈرگەنىدى.
راستىنى ئېيتقاندا، دادام سۇرى سەۋەبلىك بەختسىز، ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك يالغۇز، ۋۇجۇدىدا تىنجىپ كەتكەن مۇھەببەت سەۋەبلىك ئارماندا ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. ياشتا چوڭ بولغانسېرى ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىگۈسى كېلەمدىكىن، يېقىندىن بېرى 1972-يىلىدىكى ئىش دادامنى بىردەمدىلا ئوچۇق-يورۇق كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.
1972-يىلى دادام بىر خىزمەتدىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە خىزمەت ئىشى ئۈچۈن بېرىپتۇ. تېلېۋىزور يېڭىدىن چىققان چاغلار ئوخشايدۇ، دادام تېلېۋىزورغا قىزىقىپ، ئۆزلىرى چۈشكەن مېھمانخانا مۇلازىمەتچىسىدىن سوراپتۇ:
— تېلېۋىزور دەپ ئاڭلىدۇق، ئۇ قانداق نەرسىدۇ، ئۇنى قانداق يەردە ئۇچرىتالايمىز، ئۇكام؟
— ئاكا، مۇشۇ بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىلا تېلېۋىزور بار، سائەت 9دا قويۇلىدۇ، شۇ يەردە ئۇچرىتالايسىز، — دەپتۇ مۇلازىم. دادام:
— بېلەتنى قەيەردىن ئالىمىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، مۇلازىمەتچى كۈلۈپ كېتىپ:
— بېلەت سېتىلمايدۇ، بىكارلىق كۆرىلا، —

دەپتۇ.

يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن، دادام بىلەن خىزمەتدىشىنىڭ پويىزنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغىلىپتۇ. پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ پويىزنىمۇ كۆرۈپتۇ، مۇلازىمەتچىلەرنىڭ ياخشى-لىقى بىلەن ئىككىيلەن بەش يۈگلۈقتىن ئىككى بېلەت ئېلىپ، بىر بېكەتلىك يولنى پويىزدا مېڭىپ بېقىپتۇ.

دادامنىڭ مۇشۇ پارىگىنى بولسىمۇ، بۇ پاراگنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغان بولسامۇ يەنە ئاڭلىغۇم بار ئىدى. بەلكى دادامنىڭ جىنايەت سەرگۈزەشتىلىرىگە گۇۋاھ بولۇپ ئۆتكەن ساقچى-لىق هاياتىدا قەلبى ئىللىپ ئەسلەيدىغان ئىش شۇدۇ...... مېنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئەسلەيدى-غىنىم دادامنىڭ ئايروپىلانغا چىققانلىقى، دادامنىڭ ئايروپىلانغا چىققان ۋاقتىنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۇرۇمچىگە يۆتكەشكە توغرا كەلگەن چاغ ئىكەنلىكى، ئايروپىلان دېرىزىسىدىن سىرتقا تىكىلگەن كۆزلىرىدىكى ئۈمىدسىزلىك......

......

شۇ تاپتا مەندە دادامنىڭ بېشىدا ئولتۇ-رۇشقان ئىنى-سىڭىللىرىمغا تەسەللى بولالىغۇدەك ئىشەنچ قالمىغانىدى. قەبرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئۆزۈمنىڭ هالىغا تېخىمۇ

بىرنەرسە دېيەلمەيتتىم.

ئەسلىدە ئادەملەر ئارىسىدا ئۆلۈم ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەسكەن. ئۇلار قېرىغانسېرى، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغۇدەك بولۇشۇپ، باشلىرىدىن قومۇشلار ئۇنۇپ كېتىدىكەن. شامال چىققان كۈنلىرى قومۇشلار تەۋرەنسە بېشىم قېيىۋاتقان ئوخشايدۇ دېيىشىدىكەن، چاپاق باسقان كۆزلىرىگە ھاشارەتلەر قونغاندا قاپىقىم تارتقان ئوخشايدۇ دېيىشىدىكەن......

...... ئۆلۈم ئەسلىدە ھايۋانلارغا بۇيرۇلۇپتىكەن. ھايۋانلارنىڭ بىرى ئۆلسە، قالغانلىرى مەرىشىپ، مۆرىشىپ...... پەقەتلا تىنجىماپتۇ، يەم يېمەپتۇ، يىغىسى توختىماپتۇ...... ھايۋانلارنىڭ نالىسىدىن كېيىن ئۆلۈم ئىنسانلارغا بۇيرۇلۇپتۇ. ئىنسانلار ئۆلگەنلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگۈدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم ئىنسانلار ئارىسىدا قاپتۇ...... — دەپ ھېكايە قىلاتتى مومام.

بىرنەچچە دەقىقىلىق خىيالى تۇيغۇدىن سوغۇق تەرگە چۈمۈلۈپتىمەن. تۇيۇقسىز تېلېفونۇم جىرىڭلىدى، ئۆزۈمگە قايتقاندەك بولدۇم - دە، يۈرىكىم ئېغىپ تېلېفوننى ئالدىم.

— قەيەرگە كەتتىڭ بالام؟ — دېدى دادام ئۇزۇپ - ئۇزۇپ.

دادام مېنى سېغىنىپ يېنىدىكىلەرگە تېلېفون ئالغۇزغانىدى. دادامنىڭ تېلېفوندا گەپ قىلالىغىنىدىن خۇش بولماسلىقىم مۇمكىنمۇ؟ دادامنىڭ ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىگە بىر - بىردىن قىيالماسلىق بىلەن قارىۋېلىپ، تىنجىپ كېتىۋات-قان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى......

مۇشۇ دەقىقىدە دادامنىڭ ئۈنسىز يىغىسى، كۆزلىرىمگە قىيالماسلىق بىلەن قارىشى، تېلېفوندىكى ئۈزۈك - ئۈزۈك ئاۋازىدىن ئۆرتى-نىپ، روھىمنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدىغان بىرەرسىنىڭ يېنىمدا بولۇشىغا نەقەدەر موھتاج ئىدىم - ھە! لېكىن، مېنىڭ موھتاجلىقىمنى ھېچكىمنىڭ بىلمەسلىكى يېتىم-چىلىكنىڭ دەردىدىنمۇ ئېغىر كەلدى. پۇتلىرىمنى يۆتكىيەلمەيۋاتاتتىم، تېلېفون ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى......

# يېزىلمىغان خاتىرە

توۋا، ئۇ نېمانچە تېرىككەكتۇ؟ شۇڭلاشـ-ـقىمۇ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغاندىمەن. ئوغۇل بالا دېگەن ئوغۇل بالىغا خاس كۆتۈرۈشلۈكرەك بولۇشى كېرەكتە؟! شۇنىڭغا قارىماي ئادەمنىڭ ئاغزىنى تاتىلاشلىرىچۇ تېخى؟......

ئۆزۈممۇ بىر قاشاڭ. ياق، مىجەزىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى قانچە ئوسال ھالەتتە قالدۇردۇممۇ بولدى، بۇ مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىم. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىمنىڭ سەۋەبى يۇقىرىقىلا ئەمەس. خىزمەتداشلار ئارىسىدا: «ئىپارنى قولغا كەلتۈر-مەيدىغان بولسام، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي» دەپ مەيدە قېقىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالغاندىم. ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم - يۇ، كىشىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئەدىپىنى بېرىشكە پۇرسەت تاپالماي يۈرەتتىم. يا مەن قىسماق قۇرۇپ تۇتۇۋالىدىغان قۇشقاچ بولمىسام، كۆرەڭلىكىنى قاراڭ......

نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى كۆرسەملا جۇدۇنۇم تۇتۇپ ئۇرۇشقۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدىم. تىنىۋالمايمەن، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان چاغـ-

ــلىرىمموٴ بولغــان. ئىنىزىمنىــڭ ئىتتىكلىكىــدىن
ئۆز ـ ئــۆزۈمنى تــالاي قېتىم ئەيىــبلەپ، باشقــ ـ
ــلارنىڭ مىجەزىــگە باقمايــدىغان خــاراكتېرىمنى
ئــۆزگەرتىش ئۈچــۈن ئىزدىنىپمــۇ باققــانمەن.
لېكىن، مــۇمكىن بولغــانمۇ؟ يــاق، بــۇ پەقەت
مەنــدىكى ۋاقىتلىــق ھېســسىيات ئىــدى. كــۆپ
ھاللاردا «خوپ بولدى، ئــۆزۈڭگە تىلەپ تاپــ ـ
ـسەنغۇ ئاخىر.......» دېگىنىم ھەقلىقرەك بولاتتى.
دېمىسىمۇ راســت، ئــۇ مەن ئويلىمىغــان بىــر يــول
بىلەن ئۆز ئەدىپىنى كېلىشتۈرۈپ يەۋالدى.
بىرىنچــى سائەتلىك دەرســنى ئاخىرلاشــ ـ
ـتۇرۇپ ئىشخانىغا كىرسەم، ئــۇ مېنىــڭ ئۈستــ ـ
ــلىمگە يــۆلەنگىنىچە تاماكــا چېكىــپ تۇرۇپتــۇ.
تۇرســا تۇرۇۋەرمەمــدۇ؟ ئورۇنــدۇقۇمنى تارتىــپ
كېلىــپ ئولتۇرغانــدىن كېيىــن، ئــۆز ئىــشىمنى
قىلىــۋەردىم. خېلــى ۋاقــت ئۆتكەنــدە ئــۇ ئىنىــز
ئاچتى:

ــ ئىپــار، ســىزگە خەت كەپتىكەن، ئــاۋۇ
تارتمىڭىزغا سېلىپ قويدۇم.

ــ رەھــمەت ســىزگە! ــ ســوغۇقلا قىلىــپ
شۇنداق دېدىم ـ دە، تارتمامنى ئاچتىم.

ــ «مۇختەبەردىن!» بۇ سۆزنىڭ ئىنىزىمـ ـ
ـدىن چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەپتىمەن.

ــ ساۋاقدىشىڭىزمىدى؟

ــ زۆرۈرىيىتى بــارمۇ؟ ــ قــاتتىق ئــاچچىقىم

كەلدى. بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈرگىنىمدە بولسا كۆزلىرىمىز بىر - بىرىگە ئۇچرىشىپ قالغانىدى. يا ئاللا! ئۇنىڭ چىرايى غەلىتە بىر تۈسكە كىرىپ قاپتۇ. كۆزلىرىدىكى ئاللىقانداقتۇر بەلگىلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ئەمدىلىكتە بولسا كۈلكەم قىستىدى، — ھەي، سىزنىڭ تىرىككەكلىكىڭىزنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىپتىمىنا، كەچۈرۈڭ، دەپ بېرەي، — «شۇ ئېغىزنىمىزە» دېمەكچى بولغىنىمنى كىنىپ ئالداپ، ئىشقىلىپ بارماقلىرىمنىڭ ئۇچىدا كالپۇكىمنىڭ ئۈستىدىن يېنىك بېسىپ قويۇپ سۆزۈمنى داۋام قىلدىم، — ساۋاقدىشىم دېسەممۇ بولىدۇ، توغرىسى ۋەدىلەشكەن يىگىتىم.

ئۇ ئۇجۇقۇپلا كەتتى.

— راشىدىن گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— راشىدىن بوش كەلمەيدۇ......

ئىشخانىدىكىلەر نۆۋەت بىلەن قېقتىما چاقچاقلارنى باشلىۋەتتى. ئۇلار بىرگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇپتىكەن - دە! بۇمۇ تازا ياخشى بولغىنىغۇ؟ سىرتقا چىقىپ كەتتىم. ئويلاپ باقسام، مەنمۇ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىكەنمەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ماڭا گەپ قىلمايدىغان بولدى. ماڭىلا ئەمەس ئۇ كۈندىن - كۈنگە كەم سۆز بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھېلىمۇ ياخشى مەنمۇ شۇڭ تۇرغان تامغا ئۇسمەي-

ـدىكەنمەن. ھازىر مېنىڭدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى يوق. لېكىن، گەپلىشىپ قىلىش نىيىتىدىمۇ بولمىدىم. ئۇ ئەدىپنى يېگەن كۆنى مەشغۇلىيەت ئاخىرلىشىپ خېلى ۋاقىتقىچە تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانـ ـلىقىنىمۇ سەزمەپتىمەن. ياتاققا كىرسەم ياتاقدىشىم جەمىلە تاماققا تەرەددۇت قىلىـ ـۋېتىپتۇ.

— پاھ، جەمىلە قورسىقىم تازىمۇ ئاچقانىدى.

چاقچىقىمغا قارىتا جەمىلەنىڭ: «قورسىقىڭ ئاچمىغان بولسا تېخى كىرمەيدىكەنسەن - دە؟!» دېيىشىنى كۈتكەنىدىم، بىراق ئۇ:

— سەل تۇرۇپ تۇرغىن، ھازىرلا تەييار قىلىپ بولىمەن، — دېدى كىشىنى سۆيۈنـ ـدۈرگۈدەك تەلەپپۇزدا.

جەمىلە ئوڭلۇق قىز ئىدى. شۇڭىمۇ ياتاقتىكى ئىغىر - يېنىك ئىشلاردا سىېنىڭ، مېنىڭ دېيىشمەي بىر يىلدەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۇق. يەنە نېمىشقىدۇر بۈگۈن ئۇ ماڭا باشقىچە......

تاماقتىن كېيىن...... ھەي، نېمە دېسەم بولار؟ ئۇ ئىشخانىدىكى ئىشلار ئۈستىدە سۆز ئاچتى.

— ئىپار، مۇختەبەر راستتىنلا ۋەدىلەشكەن يىگىتىڭمۇ؟

— بەلكىم شۇنداقتۇر، ياقەي قانداقچە ئۇنداق بولىدۇ......

ئۇنىڭغا بەرگەن مۇجمەل جاۋابتىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. ئۇغۇ ئەلۋەتتە......

— راشىدىنىڭ ئىغىزىنى ئاچۇرماسلىق ئۈچۈن، شۇنداقلا دەپ قويغىنىڭ ئەمەستۇ؟

— توغرىسى، ھازىرقى قارىشىڭنى ئىشەنچلىك دەپ قارايلى.

— چۈشەندىم.

ئۇ شۇ چاغدا نېمىنى چۈشەنگەن بولغىيتتى، بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ مېنىڭ راشىدىنغا مەيلىمنى بەرمەيدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. شۇڭىمۇ ئۇ باياتىن بېرى سورىغان سوئاللىرىغا تاققا - تۇققا جاۋاب بەرسەممۇ يەنىلا قانائەت تاپقاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭدا بىر خىل تېز ئۆزگىرىشنى ھېس قىلىپ يەتكەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ ئاپپاق يۈزلىرىگە قىزىللىق تەپچىپ، قوي كۆزلىرى چاقناپ كەتكەندى؛ بۇ ئالامەتلەر نېمىدىندۇر؟...... بىچارە دوستۇم ئەسلىدە راشىدىننى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىچۇ؟...... ئۇنىڭغا كۆز سالغان يىگىتلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەكتىپىمىزدىكى ياش ئوقۇتقۇچى مەۋلان ئايالنى بىكارغا

قويۇۋەتمىگەن ئىكەنغۇ؟ بىراق، جەملە ھەممىگە پەرۋاسىز قارىغان ئەمەسمۇ؟

ئەجەبمۇ دۆت ئىكەنمەن. راستتىنلا ئۇنىڭ: «ئىپار، راشىدىنغا نېمانچە ئۆچمەنلىك قىلىسەن؟» دېگەن سۆزىگە «ئامراقلىقىمدىن» دېيىش بىلەن كۇلۇپ كېتىشىم، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ كەيپىياتىدا قانداق ئۆزگىرىش ياسىغان بولغىيتتى؟ ياتاقتا پات ـ پات راشىدىن توغرۇلۇق گەپ بولسا: «ئۇ بۇدۇشقاقتا قانداقراق بىرسى خوتۇن بولار» دەپ ئۆزۈمچە غۇدۇرايتتىم. ھەقىچان سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، بىچارە دوستۇمنىڭ يۈرىكىگە بىرنەرسە سانجىلغاندەك بولغان بولغىيتتى؟ نېمىشقا، نېمىشقا بۇلارنى بالدۇرراق سەزمىدىم؟ ئەمدىلىكتە...... ۋاي تەتۈر چۆرگىلىگەن جاھان......

قىزلار قول ئىلكىدە بار، جان سانى ئاز ئائىلىگە كېلىن بولسا راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەرمىش. جەملە ماڭا ئاپىسىنىڭ تىلىدىن شۇنداق دەيدىغان. ئۇنداقتا بەخت قۇشى جەملەنىڭ بېشىغا قونغۇسى!

يازلىق تەتىلگە بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا كۈنلەر قالدى. يېقىندىن بۇيان باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېتىش خىيالىدا بولۇپ يۈرگەچكە كىمىكىن، قوپال، ئەمما سادىدا خىزمەتداشلىرىم، ئوماق ئوقۇغۇچىلىرىم، مەكتەپ..... ئۇلاردىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغاندەك مۇڭلان-

ـدىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئايرىلىش ماڭا ئەڭ ئېغىر روھىي كىشەندىن قۇتۇلغاندىكى يېنىكـ ـلىكنى ھېس قىلدۇردى.

تەتىلدىن كېيىن باشقا بىر يېزىنىڭ شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئىشقا چۈشكىنىم، خىزمەتـ ـداشلىرىم ئارىسىدا قانداق غۇلغۇلا قوزغىدىكىن، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. «مۇختەبەر شۇ مەكتەپتە ئىشلىسە كېرەك، بولمىسا ئىپار ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلاتتى......» دېيىشكەندۇر بەلكىم.

......

گۇگۇم، ئايسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايـ ـتتى. ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن يىراق - يىراقلارغا تىكىلگىنىمچە خىيال سۈرۈپ قاپتىـ ـمەن. خىيال بىلەن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن؟ پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان چىراغ تۈۋىگە كەلدىم - دە، خىياللىرىمدىن ئىلھاملىنىپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم.

«مەن ئۇنى ئۇنتۇپ كەتمىدىم. چۈنكى، ئۆز - ئۆزۈمنى قەدىرلەشتەك چەكسىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئۇنىڭ مېنى بىزار قىلىدىغان ئاشۇ خاراكتېرى ئىچىدە يېتىلگەن......»

خاتىرەمنى يېپىۋېتىپ، ئىلگىرى ئۇ تۇغرۇلۇق قەلەم تەۋرىتىپ باقمىغانلىقىمنى ئويلاپ قالدىم. خېلىلا تۇگۇلاپتىمەن. سىرتتا ئىتنىڭ ئۈزۈك - ئۈزۈك ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

مەن پات ـ پات ئارىلاشنى ياقتۇرىدىغان ھېلىقى چىغىر يولدىن يولۇچى ئۆتكەنمىدۇ؟ ئۇپۇقتا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ يولدا ئەتىلا يېڭىچە ئىزلار پەيدا بولۇشى مۇمكىن.



# لاله

ــ كەل، سادىق. بىز يامىشىپ چوڭ بولغان قۇم بارخانلىرىغا قۇياش پېتىۋاتىدۇ، پۈتمىزنىڭ ئالىقانلىرىنى پۇچۇلايدىغان كۆچلۈك هارارەتىنىڭ قالدۇقلىرىدىن راھەتلىنەيلى.

ــ قارا، ئانام مېنى ئاۋۇ دۆڭدە چۈشۈرۈپ قويغىلى تاسلا قاپتىكەن. ئەجەبلەنمىگىن، ئۇ مۇنداق ئىش: ئانام ماڭا قورساق كۆتۈرۈپ ئاي كۈنى يېقىنلىشاي دېگەن بولسىمۇ، كۈندىلىك نومۇر ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئەمگەككە چىقىشقا توغرا كەپتۇ. ئېشەككە ئارتىلغان قىغنى ئېتىزغا ئاپىرىپ تۆكۈۋەتكەندىن كېيىنمۇ مىڭىر جاپادا مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەزالار: «جېنىڭىزنى قىيىنغىچە ئېشەككە مىنىپ ماڭسىڭىز بولامامدۇ؟» دېيىشىپ ئېشەككە مىندۈرۈپ قويۇپتىكەن، ئۇ ئېشەك قارشى تەرەپتىكى ئېشەكنىڭ هاڭراشلىرىغا ئەگىشىپ هاڭرىغان پېتى چېچاڭشىپتۇ، ئانام ئۆزىنى يەرگە ئېتىۋاپتۇ......

ــ چالا تۇغۇلۇپ قالغىنىڭ ئۈچۈن، چوڭ بولمىغان ئاۋاقكەنسەن ـ دە!

ــ مىجەزىــــڭ ئۆزگەرمەپتــــۇ، ســـادىق.
قارىماققا بىر ئىغىز سۆزۈڭمۇ قىممەتكە توختايدۇ. تولۇمدىن توقماق چىققانـدەك قىلغـان چاقچاقـ ـلىرىڭ بىرىمىزگە لەقەم، بىرىمىزگە ھېكمەتلىك سۆز، بىرىمىزگە كۈچ بولۇپ سىڭىپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئىسمىمنىڭ «ئەنۋەر» دىن «ئاۋاق»قا ئۆزگىرىشىدە سېنىڭ ھەسسەڭ يوقمۇ؟ ئەينى چاغـدا ئاشـۇ ئىجادىيىتىڭ ئۈچۈن ساڭا ھۆرپىيىپمۇ يۈرگەنىدىم. ھەي...... ئۇ ئىسىملار ئەمدى دوستلارچە مېھرگە ئايلىنىپ كەتتى. بىلەمسەن، مەن «ئاۋاق» دېگەن لەقەمنى يىراق شەرقتىمۇ كۆتۈرۈپ يۈردۈم. بىر قېتىم ساۋاقـ ـدىشىم مەنسۇر خەت ئەۋەتىپتۇ. كونۋېرت يۈزىدىكى ئىسمىمنىڭ يېنىغا «ئاۋاق» دەپ يېزىپمۇ قويۇپتۇ.

ــ كۈلۈۋاتامسەن؟ كۈلگىن ئاداش!

ــ لاله توي قىلىۋالدى.

بۇ خەۋەر مېنىڭ ئۈچۈن يېگىلىق ئەمەس، سادىق. مەن ئۇنىڭ توينى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ 16 ـ ئاۋغۇست ئىدى. ئۇ كۈنى ئۆگىنىشكە رايىم يوق، قولۇم ئىشقا بارمىغان، سەۋەبسىز تىتىلدىغان بىر كۈن بولغانىدى. بىر كۈن كەچكىچە ياغقان يامغۇرنىڭ سوغۇقىدىن ئادەتتىمۇ سوغۇق تەلەت كۆرۈنىدىغان ياتىقىمدا

تىترەپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ دېگۈدەك بىرەر سائەت رۇس تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ھەر كۈنكىدىن بۇرۇنراق ياتقىنىم ئېسىمدە. قانداق چاغلاردا كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىناشقانكىنىتاڭ، چۈش كۆرۈپتىمەن. لالە بىر ئۆينىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا ماڭا قوللىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ: «مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن ئەنۋەر، ئاڭلاۋاتامسەن، مېنى قۇتقۇزغىن!» دېگىنىچە ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقۇدەك. ئۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىنىڭ تۈۋى تولىمۇ چوڭقۇر ئازگالمىش. مەن تېگىرقاپ تۇرۇپ قاپتىمەن. شۇ ئارىدا ئۇ ھېلىقى چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتىمىش. مەن ۋارقىرىغىنىمچە ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ كارامەتنى كۆرمەمسەن، ئالەم يىغلىغان، مېنى قارا باسقان 16 - ئاۋغۇست لالەنىڭ توي كۈنى ئىكەن. بولدىلا، ئەمدى بۇ ھەقتە پاراڭلاشمايلى مۇنۇ خاتىرىنى ئالغىن. خاتىرىدە سەن بىلىدىغان ھەم بىلىشكە قىزىقىدىغان، مەن ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان، لېكىن ئۇنتۇشقا تىرىشىدىغان ئىشلار بار. ئاڭلىسام ئايالىڭ يېزىپ تۇرىدىكەن. مۇبادا بۇ ئىشلار بىرەر ئەسەرنىڭ ماتېرىيالىغا ياراپ قالسا، ئوقۇرمەنلەر ئەسەر قەھرىمانلىرىغا باھا بېرىپ باقسا دېگەن ئۈمىدتىمەن. قارىغىنە سادىق،

ئايالنىڭ ئۇمىقىڭنى كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ.

× × ×

ئەنۋەر:

جىبراننىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار ئىكەن: «بىرسى سېنى ئازابقا قويسا، سەن ئۇنى ئۇنۇت. ئەمما، سەن باشقىلارنى ئازابقا قويساڭ، ئۇنى مەڭگۈ ئەستە تۇت.»

يەڭگەڭ سەن بەرگەن خاتىرىدىكى يازمىلارنى رەتلەپ، ھېكايىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. مەن يەڭگەڭنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن تۇنجى كىتابخان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ساڭا بۇ ھېكمەتنى ھەدىيە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. «ئەسەر مەتبۇئاتقا تاپشۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئۆزۈم كۆرۈپ چىقاي......» دېۋىدىڭ، ئالدىراپ كېتىپ، يېزىلىپ بولغان قىسمىنىلا ئەۋەتتىم.

× × ×

— ۋەي، ئەنۋەرما؟ لالە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە ماڭغان، بۈگۈن بېرىپ بولىدۇ، ياتاق ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۆيۈشما

مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، ئىزدەپ قويارسەن.

تېلېفوننى تۇتۇپ تۇرۇپ كەتتىم. باش - ئاخىرى يوق بۇ ئۇچۇرنى يەتكۈزگەن كىمدۇ؟ مېنىڭ لالەگە بولغان سەۋدالىقىمنى، لالەدىن دىلىم ئاغرىغان، ئۈمىدسىزلەنگەن دەقىقىلەردە ئۇنىڭ ماڭا ئەسلا چاندۇرمايدىغان كۆز ياشلىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، يىگىتلىك سۈرۈمنى بەربات قىلىدىغان...... ساۋاقداشلىرىم بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. گۈلقىز ئىسىملىك ئۆزى شوخ، زېرەك، مەخپىيەتلىكلا بولسا ئالدىدىن قاچۇرۇپ قويمايدىغان ساۋاقدىشىم مېنى ھاياجانغا سالغاندەك قىلاتتى......

ئۆيگە قايتقان چاغلىرىمدا، مېنىڭ كىرگىنىمنى سەزمەستىن پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن تاماقخا تۇتۇش قىلىۋاتقان ئايالىم، سىڭلىسىنى بوغۇپ سۆيۈۋالغاندىن كېيىنكى ئېنىقسىز گۇگۇرلاشلارغا خۇشال بولۇپ، بالا باققۇچى ئايالنى تىرىكتۈرۈۋاتقان ئوغلۇم...... بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا بېغىشلىنىۋاتقان مېھىر ئىدى. ئاللىقاچان ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولغان بولسىمۇ، يوقلاش ئىشلار بىلەن بىر - ئىككى سائەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۈم. ئاخىر نەچچە يىللاردىن بۇيان ماتېرىيال ئىشكاپىمدا كوروپكىغا سېلىپ ساقلاپ يۈرگەن چاقماق شارپىنى ئېلىپ بوينۇمغا

ئورنۇالدىم. ئۇ شارپا ئەينى چاغدا لالەنىڭ مېنىڭ خەتلىرىمگە جاۋابەن يازغان خەتلىرىگە ئوخشاشلا، ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى.

كېتىۋاتىمەن، شۇ تاپتا دولقۇنلاردا چايقىلىپ قۇم قىرغاقلاردا يالتىرىغان قۇلۇلە قاپلىرى، قۇلۇلە قاپلىرىنى باشقىلاردىن قىزغىنىپ يۈرۈپ ئەڭ شېرىن سىقىنىش بىلەن يىغىۋاتقان ئوغۇل بالا ماڭا ئىلھام بېرىۋاتاتتى......

— ئەنۋەر، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم...... — دەيتتى لالە خىيالىمدا مەن ئالغاچ بارغان قۇلۇلە قاپلىرىنى نۆۋەت بىلەن قۇلىقىغا تۇتۇۋېتىپ......

مەن تىل بىلەن ئىپادىلەپ قانائەتلىنەلمەيدىغان بۇ كۆرۈنۈشلەر يارقىنلاشقانسېرى غايەت زور سوئال بەلگىسى ئىسكەنجىسىدە بىئارام بولدۇم. مۇھەببەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك تۈپەيلىدىن بەختسىز بولغانلار قاتارىدا سانالمىساقمۇ «كۆز تەگكەن» دەك ئايرىلغىنىمىز، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتەك چاغلارنىڭ ھېلىھەم يوقالمىغىنى ھەقىقەت ئىدى......

ئۇ چاغلار مېنىڭ لالەنىڭ كىشىنىڭ نەپسىنى بوغقۇدەك مەغرۇرلۇقى ئالدىدا خۇدۇمنى يوقىتىپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەن لالەنىڭ زىيادە گۈزەللىكىنى، تەبئىي ۋىلىقلاپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى چېكىدىن ئاشقان مەغرۇر-

لۇقى يېپىپ تۇرۇشى كېرەكتەك ھېس قىلاتتىم.
مەن ھەتتا ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان مەزگىلدە «لالە، مۇئەللىم-گە دەپ ئالدى - ئارقا ئولتۇرايلى» دەپ ئۆتۈنگىنىم ئۈچۈن ئۇ تۇيۇقسىزلا ئىجتىمائىي پەندىن ئىمتىھان بەرمەكچى بولۇپ، ئىمتىھان تۈرىنى ئۆزگەرتىۋالغىنىدىمۇ مەدەتلەنگەنىدىم. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي، بىر تەرەپتىن داۋالىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكرارغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە مېنىڭ ئالدى - ئارقا ئولتۇرۇشنى ئۆتۈنۈشۈم «لالە، سىزگە ياردەم بېرىمەن» دېگەندەك تۇيۇلۇپ غۇرۇرىغا ئالغاندا باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدىغان بۇ خىل خاراكتېرىنىمۇ چوڭ بىلگەن، ياخشى كۆرگەنىدىم......

ئۇ شۇنداق بىر چاغلار ئىدى...... مەن دادامنىڭ سۆزى بويىچە «چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغان» چوڭ شەھەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم. ئۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى. مەن جاۋابسىز قالغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭغا تۆت يىل، ھەر ھەپتىسىگە ئىككى پارچىدىن خەت يېزىپتىمەن. ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى سېنتەبىردە ئاندىن ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خېتىدە مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قېپتۇ...... شۇندىن كېيىن نەچچە پارچە يالقۇنلۇق سالاملارنى

يوللاشتۇق - يۇ، تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن تەتىلدىلا ئازارلىنىشىپ ئايرىلىشتۇق. سەۋەبى — تەتىل قىلىپ كەلگەن كۈنى بىكەتكىچە ئالدىمغا چىققان دادامغا ئەگىشىپ ئۇدۇللا ئۆيگە يېنىپ كەلگەنلىكىم بولدى...... بىر ھەپتىمۇ بولماستىن باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئىزلەپ بارسام، ئۇ رەنجىدى. مەن كەچۈرۈم سورىدىم، مېنى چۈشىنىشىنى ئۆتۈندۈم، يالۋۇردۇم. دېمىگەن سۆزۈم قالمىدى. ئۇنىڭ «ئايرىلىپ كېتەيلى» دېگىنىنىڭ يۈرەك سۆزى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋېتىپ، يەنە يالۋۇردۇم......

— ئەنۋەر، كېتىڭ! مەن سىزنى كۆرمەي، مەڭگۈ كۆرمەي! — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ. مەن خورلۇق ئىچىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىمنى يوشۇرغىنىمچە بېشىمنى يەردىن كۆتۈرمەي كېتىپ قالدىم.

ئەسلىدە مەن ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلغان چاغدىلا خاراكتېرى تۈپتىن ئۆزگەرگەن، مۇلايىم قىياپەتتە قىياس قىلغانىدىم. بۇ قېتىم شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىزنىڭ مۇھەببەتكە قارىتا كۆز قاراش ئۇسۇللىرىمىزدا پەرق زور ئىكەن......

مۇھەببەت شەخسىيەتچى. شەخسىيەتچىلىك تۈپەيلى قانائەتسىزلىك مەۋجۇت بولىدىغۇ؟ مەن ئەزەلدىن ئىشىنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلاشقا

ئۆچ. ئۇنىڭ رەنجىپ قىلىشىغا باھانە بولغان سەۋەنلىكلىرىمنى ئىزدىدىم. ئۇ مېنى ئۆزى بىر ئۆمۈر ئىنتىراپ قىلمايدىغان ھېسسىيات بىلەن سۆيگەنلىكى ئۈچۈنلا، بوشلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

مۇناسىۋىتىمىز ياخشىلىنىپ قالغاندىن كېيىنمۇ، تەستە قولغا كەلتۈرگەن ئۇچرىشىشلارنى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن سوقۇشۇپ ئۆتكۈزدۇق.

— لالە، بىز بۇندىن كېيىن مۇشۇنداق ئۆتەرمىزمۇ؟ توي قىلىپ تۇرمۇشىمىزدىن رازى بولالامسىگىز قانداق قىلىسىز؟ — دېدىم ئۇقۇش پۈتكۈزگەن يىلى.

— ئاجرىشىپ كېتىمەن، — ئۇ پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى.

ئازاب چەككەن، ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلىگەن، تولىمۇ تەستە ئېرىشكەن مۇھەببەت تارىخىمغا ئۇرۇلغان مەغلۇبىيەت تامغىسى ھاياجان بىلەن سوقۇۋاتقان يۈرىكىمنى شۇ ئىزدا قاتۇرۇپ قويدى. مەن مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمدى بۇ قەدەر بەدەل تۆلەشكە بەرداشلىق بېرەلىشىمگە ئىشىنەلمىدىم، ئاخىر تۇرمۇش ئىشىمدا رېئاللىققا يۈزلىنىش قارارىغا كەلدىم.

مەن تۇرمۇش ئىشلىرىمنى ئويلىشىۋاتقان مەزگىللەردە، لالەنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم.

ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. مېنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئەيىبلەپتۇ...... بىزنىڭ بۇلارنى مۇلاھىزە قىلىدىغان ۋاقتىمىز ئۆتكەنغۇ؟ مەن يەنە قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن لالەنى سۆيەتتىم، مەن ئۇنىڭغا قىيالماي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇنىسىز ئەپۇ سورىدىم......

......

ئىزغىرىن شامالدا ئۇچۇپ چۈشكەن بىر تال چىنار يايرىقى كېلىپلا ئوڭ دولامغا قوندى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم يالىلدە قىلدى. بۇ كۈزۈنۈش ماڭا كىنولاردىكىدەك، بەدىئىي سۈرەتلەردىكىدەك رومانتىك، ئاشۇ چاغلاردىكىدەك تاتلىق بىلىندى...... چىنار يايرىقىنى قولۇمغا ئېلىپ، سىنچىلاپ قارىدىم. چىنار يايرىقىدا ئالاھىدە بىر يېزىقتا نۇرغۇن خەتلەر يېزىلغاندەك تۇراتتى. مەن بۇ خەتلەرنى، خەتلەردىكى مەنىنى قىياس قىلىپ باققۇم كېلىپ، ھېلى قولۇمدىكى يايراقتا، ھېلى يەر يۈزىدىكى، شاخلاردىكى يايراقتا قارىدىم. يايراقلاردا قانۇنىيەتلىك ئۆزگەرمەيدىغان ھېكمەتلەر بارمىكىن؟.....

# نويابىرنى سېغىندىم

ئەلقەم، بۈگۈن مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىدى.

ئامانلىق ساقلاش نۆۋىتى ئۈچۈن ئىدارىگە مېڭىشقا تەييارلانغىنىمدا ئارام ئېلىش كۈنىنىڭ تاتلىق سەھىرىنى يالغۇزچىلىقتا ئۆتكۈزۈشتىن نارازى بولغان بولساڭمۇ «خوش، يۈلتۇزۇم» دەپ كۆزلىرىمگە سۆيۈپ تۇرۇپ ئۇزاتقانىدىڭ. ئاشۇ سۆيۈشلىرىڭدىن لەرزىگە كەلگەن يۈرىكىمنىڭ ئازار يېيىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشۈم مۇمكىنمۇ؟

— ئەلقەم جۇجاڭنى ئېزىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ قالدىمىيا؟ — دېدى خىزمەتدىشىم تاجىنسا.

رەڭگىمنى ئۆزگەرتمەسلىككە تىرىشقان بولسامۇ، يۈز گۆشلىرىمنىڭ چىمىلداشلىرىنى، ئاۋازىمنىڭ تىترەشلىرىنى ئۆزۈم سەزدىم.

— ئەلقەم ئازمايدۇ. بىرىنچىدىن، ئەلقەمنىڭ مەندەك نورمال ئايالى بار؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ تولىمۇ ساغلام ئائىلە مۇھىتىدا چوڭ بولغان ئەركەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئامراقلىقى، ئائىلىگە بولغان ساداقىتى ئۇنىڭ ئېزىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇن نەچچە

يىلدىن بۇيان ماڭا بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدىم ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ.

ــ خۇدايىم ھەرقانداق بەندىسىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرسۇن، ــ تاجىنىسا شۇنداق دەپلا، دېمەكچى بولغان نۇرغۇن گەپلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى بوغدى.

تاجىنىسا، مەدىنەم، مەن ئۈچىمىز بۈگۈنكى نەۋۋەتچى ئىدۇق. 12 سائەتلىك ھەمراھچىلىقتا پاراڭلىرىمىز جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن چىقىپ، بۇ چېتىگە كەلگەندە، ئەلقەم، سېنىڭ ئازغانلىقىڭ توغرىسىدىكى غەيۋەتنى مېنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىم بىلەن تىنچلاندۇق.

ئۆمرىمدە مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلاپ قالماسمەن دەيتتىم، ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىدىم. بىرىنچى قېتىم مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىمىز خاسىيەت:

ــ ئەلقەم جۇجاڭ ئۆزى ياش، مىجەزى ئوبدان ھەم بەك تېز ئۆستى، ئىستىقبالى زور. شۇڭا، ھەۋەس قىلىدىغان قىز - ئاياللارنى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. جەمئىيەت بۇزۇلۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ سىلى ئۆزلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ، كىيىنىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ يۈرسىلە. دېمەسمەن دەپتىم، دەپسالىدىغان بولدۇم، ئەلقەم جۇجاڭ بىر ئوقۇتقۇچى قىز بىلەن ئارىلىشىدىكەن، ــ دېگەنىدى.

شۇ چاغدا خاسىيەت گەپنى ئەسلا خاتاسى يوقتەك ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى چوقۇم خاتا ئاڭلاپ قالغاندەك گاڭگىرىغانىدىم.

— ئىچىلىرىگە ئىلىپ كەتمىسىلە......

خاسىيەتنىڭ كېيىنكى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ كەتمىدى...... ئۆزۈم چوڭ بىلىدىغان بىر ئايالنىڭ يولدىشىمنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىنى ماڭا ئۇدۇلمۇئۇدۇل يەتكۈزۈشى، دوستانە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماقچى بولغانلىقى تېنىمنى شۈركەندۈرگەن، كۆز ئالدىمدىكى ئايالنىڭ نورماللىقىدىن شۈبھىلەندۈرگەن ئاشۇ دەقىقىدىكى ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئاياللىقىمنىڭ پەريادى ساڭا يەتكەنمىدى؟

رەھمەتلىك ئانام: «سىنىڭ كۆندەشلىكىڭ بەك يامان، بالام. تەلىيىڭگە ئەلقەمجاندەك ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ياخشى تەربىيە كۆرگەن بالىغا رىزقىڭ چۈشتى، بولمىسا بىر ئۆمۈر مېنىڭ بېشىم ساق بولماسمىتىكىن......» دەيدىغان. كىچىك چاغلىرىمدا ئانام يولدا بىرەر ئەركىشى بىلەن سالاملىشىپ ئۆتسىمۇ يەردە يېتىۋېلىپ: «دادامغا دەپ قويىمەن» دېگىنىمچە تېپىچەكلەپ يىغلايدىكەنمەن. تام قوشنىمىز خەيرىنىسانىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كىرسە دادامغا چاقچاق قىلىپ قويۇپ، مېنى تىرىكتۈرىدىغانلىقىنى ھازىرمۇ ئەسلىيەلەيمەن. بەلكىم كۆندەشلىكىم

راستتىنلا قاتتىقتۇ. لېكىن......

ئەلقەم، كۆكۈل دېگەن تۈيغۇنغۇ ئاخىر؟ سەن مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ! شۇ تاپتا سېنىڭ «يۇلتۇزۇم» دەپ چاقىرىشلىرىڭنى، چاچلىرىمنى قولۇڭغا يۆگىۋېلىپ، ئارقىدىنلا بويىنۇمغا تاشلاپ ماڭا ئەركىلەشكىنىڭ، مېنى ئەركىلىتىشكىنىڭ ئوخشايدىغان قىلىقلىرىڭ بىلەن مېنى جىلە قىلىشلىرىڭنى، خۇددى تاڭ ئاتسىلا يېنىڭدا بولماي قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەندەك كېچىلىرى قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئۇخلاشلىرىڭنى...... ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

ئىككىمىز توي قىلغاندىن كېيىن مەن يېزىدا ئىشلىگەن چېغىمدا سەن شەھەردە، مېنىڭ خىزمىتىم شەھەرگە يۆتكەلگەندە سەن ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش سەۋەبلىك يېزىدا ئىشلەپ، ساق سەككىز يىل ئۆتكەن. سەن شەھەرگە كەلگەندە بولسا مەن بىلىم ئاشۇرۇشقا ئۈرۈمچىگە كېتىپ، بىر - بىرىمىزنى قوغلاشقاندەك ئۆتكەن يىللاردا تەڭ دېمەتلىك دوستلىرىمىزنىڭ، خىزمەتداشلىرىمىزنىڭ قايسىبىرى بىزنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، ساداقەت بىلەن ئۆتىدىغانلىقىمىزغا ھەۋەسلەنمىگەن - ھە؟ ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ھەقىقىي بىر ئائىلىنىڭ مېھرىگە چۆمۈلگىنىمىزگە تېخى بىرقانچە يىل بولغانتىغۇ؟

«ئەلقەم جۇيجاڭ بىر ئوقۇتقۇچى قىز بىلەن يۈرىدىكەن» ، «ئەلقەم جۇيجاڭ ئىزىپ قاپتۇ» دېگەن گەپلەر مېنى نومۇستىن ئۆلتۈرەي دېدى، ئەلقەم. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ماڭا ھېسداشلىق قىلغانلار ئالدىدا مەردانە بولۇشقا تىرىشقانىدىم...... تا بۈگۈنگىچە سېنىڭ ئالدىڭدا بۇ توغرۇلۇق گەپ ئاچمىدىم. ئويلىسام، تاسادىپىي ئەھۋال يۈز بېرىپ، سېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىنىڭ چىققىشىدىن قورقۇپتىمەن.

مەندىكى مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئۆزۈمنى - ئۆزۈمگە ئوخشاتماي قويغانلىقىدىن بەلكىم: «ھەي، ئەخمەق......» دەۋاتقانسەن ۋەياكى باشقىلارنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشنى كۆرسە ئىچ پۇشىقى تارتىدىغان كىشىلەرگە بولغان غەزىپىڭ بىرلىشىپ «خەقلەر ساراڭ بولغانمىدۇ! روھىڭ نېمانچە ئاجىز!......» دەپ كايىغىنىڭ كەلگەندۇ، ئارقىدىنلا مېنىڭ لىققىنە ياش تولۇپ قالغان كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ قالغانسەن.......

باشقىلارنىڭ «ئادەملەر يامان، خوش - خوش دەپ يۈرۈپ باشلىققا ئۆگەتمەيدىغىنى يوق......» دېيىشلىرى بار. رېئاللىققا يېقىن بولغان بۇ خىل قاراشنىڭ مېنى دىلغۇلا قىلىپ قويغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايۋاتىمەن! سەن رەھبەر بولغانلىقىڭ ئۈچۈنمىكىن مېنىڭ رەھبەرلەرگە

بولغان كۆز قارىشىم ياخشى. ئۆز ئەقلىڭ بىلەن، ئەجرىڭ بىلەن بۇگۈنۈڭ بولغان رەھبەرسەن. شۇڭىمۇ رەھبەر بولۇش ئۈچۈن ماڭىدىغان غەيرىي يوللارنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سەن بارغان كەنت مەھەللىلەردە قەھرىتان سوغۇقلاردىمۇ كۆمۈر قالاشقا ئىمكانىيىتى يوق، قىشنى تىترەپ ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. سەن ئۇلار ئۈچۈن تېخى يېقىنغىچە قىشتا كۆمۈر، يازدا ئوتۇن، ياغ توشۇپ يۈرگەچكىمۇ رەھبەرلەرنى سەمرىتىدىغان ياۋا بايلىقنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. تومۇز ئاپتىپى بىلەكلىرىڭنىڭ تېرىلىرىنى ئاتقان، مەگزىلىرىڭنى داغلىغان؛ سوغۇق قىش بوغۇم ياللۇغىڭنى قوزغاپ، تېنىڭنى ئازابلىغان؛ ئۆيگە كىرسەڭ ھارغىنلىقتىن ئۆزۈڭنى تاشلاپ، سەن ئۈچۈن ئەتكەن ھاردۇق ئېشىنى ئىچىشكە تاقەتسىزلىنىپ تۇرۇپىمۇ كۆزلىرىڭ ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان ھالەت كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. رەھبەرلەرنىڭ خىزمەتتىن، ئائىلىسىدىن ئېشىنىپ تاماشىغا رايى بارىدىغانلىقىغا، ئاشنا ئوينايدىغانلىقىغا، ھەتتا ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي پىيادە مېڭىشقا جۈرئەت قىلالايدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

توۋا، توۋا، ئەلقەم، مېنىڭ راستتىنلا يىغلىغۇم كەلدى! مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، تەشكىل

ئىشىنىپ، رەھبەرلىك ئورنىغا قويغان ئاشۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئىقتىسادىي قۇۋۋىتى، ئەرلىكىنى كۆز - كۆز قىلىشتا ئايالالارنى ۋاستە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ چىقىپ قېلىشى ئىچىنغۇدەك ئىش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇلارنى يېتىپ ئاشقۇچە ئەيىبلەيدىغان كىشىلەرگە ھاي بەرگۈم كېلەتتى. ئەمدىلىكتە ئۆزۈمگە ھاي بېرەيمۇ؟

— يۇلتۇز، قارىغىنە، مېنى قىرىتىپ بوپسەن، چاچلىرىمنىڭ تەگىدىن تولىسى ئاقىرىپ كېتىپتۇ......

— مۇشۇ يارىشىملىق چاچلارنىڭ ھەممىسىنى ئاقارتىۋېتەلىگەن بولسام تېخىمۇ ياخشى بولاتتى!

— نېيىتىڭ نېمانچە يامان سېنىڭ، مەندىن باشقا ئايالالار ئەلقەمگە قاراپمۇ قويمىسا دېگىنىڭمۇ بۇ؟

بالكوندا ساقال - بۇرۇتلىرىڭنى ئېلىۋاتقاندا، مېنى ئاتايىن يېنىڭغا چاقىرىپ تېگى - تېگىدىن ئاقارغان چاچلىرىڭنى كۆرسەتكىنىڭ، چاقچىقىڭغا قارىتا قايتۇرغان ئىنكاسىمدىن كۈلۈپ كېتىپ، بۇرنۇمنى چىمداپ ئۆزۈڭگە تارتقىنىڭ،— ئېرىڭنى سەل چاغلاپ قاپسەن، ئاقارغان چاچلاردىمۇ ھاياتىي كۈچ بار......— دەپ مېنى تېرىكتۈرگىنىڭدە، ئالقىنىم بىلەن

ئېغىزنىڭنى توسىغىنىم تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار قاتارى خاتىرەمدىن ئۆچكەندۇ. مەن بولسام قانائەت، مۇھەببەت، ئۈمىدۋارلىقنى بۇ خىل ئۇششاق ئىشلاردىن ئىزدەيمەن...... لېكىن، سېنىڭ ئېغىزىڭنى توسىغان قوللىرىم بىلەن باشقىلارنىڭ ئېغىزىنى توسىغىلى بولمايدىغانلىقىدىن تۇرمۇشۇمدىكى ئىللىقلىقنىمۇ ھاردۇقنى ھېس قىلىۋاتىمەن...... مېنى كەچۈر، گۇمان ئىمانىنى قاچۇرۇپتۇ دېگەندەك، مېھرىڭدىنمۇ ساراسىمىگە چۈشۈۋاتىمەن.

تېخى بۈگۈنگىچە ھال رەڭ كۆزلۈك تويلۇق ھالقامنى نەچچە كۈندە بىر تازىلاپ، پارقىرىتىپ سېلىۋالسام: «يۈلتۇز، يېڭى پاسوندىكى ئالتۇن ھالقىدىن بىرنى ئېلىۋالساڭ بولاتتى......» دېگەنىدىڭ. ئەتراپىڭدىكىلەر مېنى ماختىغان بولۇپ: «ئاياللىرى بەك ئاددىي ـ ساددا جۇمۇ......» دېگەن بولسا، ئۈستىباشلىرىمغا دىققەت قىلغان بولغىيمىدىڭ؟

بىر كۈنى: «ئىدارىگە بىر شىركەتتىن تەشۋىق قىلىپ كەپتىكەن، ئىدارىدىكى ئاياللارمۇ ئالغانىدى، ساڭىمۇ ئالغاچ كىردىم» دەپ، بىر يۈرۈش تېرە ئاسراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كىرىپتىكەنسەن. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمچە پەخىرلىنىپ قالدىغان تەبىئىي ئۆڭۈم بىلەن كۆزلىرىڭگە نۇرسىز كۆرۈنگەن بولغىيمىدىم؟

ھەر قېتىم كوماندىروپكىغا چىقىپ قايتىپ كەلگىنىمدە شۇنداق يارىشىملىق، ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىگىمۇ ماس كېلىدىغان، دەۋرگىمۇ ماس كېلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى تېپىپ، بىرقانچە قۇرلاپ ئېلىپ كېلىشلىرىڭىزدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىم. شۇڭىمۇ بازار ئارىلاشقا ۋاقىت ئاجرات ـ ـمايمۇ، كىيىم ـ كېچەك ئۈچۈن باش قاتۇرمايمۇ كۆپچىلىكنىڭ قاتارىدا خېلى يامان ئەمەس كىيىنىپ يۈرىمەن دەپ قارايتتىم. سەن مېنىڭ كىيىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، كۆڭلۈڭدىكى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن گەپلىرىڭنى مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولغىيمىدىڭ؟

ئەينى چاغلاردا مېنىڭ يېزىقچىلىق قابى ـ ـلىيىتىمگە يۇقىرى باھالارنى بېرەتتىڭ، قوللاي ـ ـتتىڭ، پەخىرلىنەتتىڭ. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى تۈپەيلى قەلەمنى قولۇمغا ئالالمايۋاتقان مەزگىل ـ ـلەردە: «قولۇڭدىن قەلەم چۈشۈپ كەتسە، سېنىڭ باشقا ئايالاردىن پەرقىڭ بولمايدۇ، يۇلتۇز» دەپ ماڭا مەدەت بېرەتتىڭ. ئەمدىلىكتە ۋاقىتتىن ۋاقىت چىقىرىپ يازغان ئەسەرلىرىمنى ئوقۇپ بېقىشلىرىڭنى تاماشا قىلىپ كېتىمەن...... ئەدەبىي يىغىلىشلارغا قاتنىششىمغا توغرا كەلسە داغدۇغىسى بىلەن ساڭا دوكلات قىلىمەن، سەن بۇلارغا قىزىقىپ كەتمەيسەن...... بۇ سېنىڭ

دۇنيارىڭدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشنىڭ بىر قىسمى بولغىيمىدى؟

نۇرغۇن ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى.......

«جاھاندىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئانىسى بىر» دېيىشىدۇ ئاياللار ئەرلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ. مېنىڭ نەزىرىمدە سەن ئۆزگىچە خاس دۇنيا ئىدىڭ! شۇ تاپتا «يۇلتۇز، ئاپپاق تامغا قارا كۆمۈر بىلەن خەت يېزىپ قويىدىغانغا كۆڭلى بارىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسەن، توختىتىپ قويۇلغان ئېسىل ماشىنىلارنى ئۆزىچە تېپىپ قويۇپ ماڭىدىغان كىشىلەرمۇ بارغۇ، گۆھەرنىڭمۇ گۆھەرگە قارىسا كۆز گۆھىرى ئېقىپ كېتىدۇ، دەيدىغان پەتىۋاسى بار...... ئىچىڭنى پۇشۇرما.......» دەپ تەسەللى بولىدىغان بىرەرسى بولغان بولسا ھازىر...... ئەپسۇس......

سومكامنى نېمە مەقسەت بىلەن ئاقتۇرغانىدىمەن، بىلمىدىم، قولۇمغا سەن بىر چاغلاردا ماڭا سوۋغا قىلغان ئاتكرىتكا چىقتى. قىزىل قىيىنىنىڭ بىر تال يوپۇرمىقى رامكىلانغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئاتكرىتكىنى سەن مەن بىلىم ئاشۇرغىلى ماڭغان تۇنجى يىلى نويابىردا ئەۋەتكەنىدىڭ. مېنىڭ ھاياتلىقىم، بالىلىق خىياللىرىم، مۇھەببىتىم نويابىر بىلەن بىرلىشىپ

كەتكەن. مەن تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى غازاڭلار ئۇچۇشۇپ يۈرگەن چىغىر يوللاردىن، غازاڭلارنى زەنجىر ياساپ سۆرەپ يۈرگەن بالىلارنىڭ شاد-لىقىدىن، سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى پەپىلەپ ئۈزىتىۋاتقان دەرەخلەرنىڭ مېھرىدىن كۆرەتتىم. سەن بۇنى بىلەتتىڭ! شۇڭا، سەن ماڭا ئەۋەت-كەن ئاتكرىتكا — قىزىل قېيىننىڭ بىر تال يوپۇرمىقى، سېنىڭ ماڭا بېغىشلىغان خۇشال-لىقلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى ئۇنتۇلماس بىر بۆلىكى بولۇپ قالغانىدى. مەن ئۇنى نەچچە يىلدىن بۇيان سومكامدىن ئايرىماي ساقلاپ كەلگەنى-دىم...... تېخى ئۇنىڭ كەينىگە:

«سەن چەكسىز ھېسسىياتىمنى ئۆزۈڭگە تۇتاشتۇردۇڭ، سەن بۇلاق بولۇپ، چاڭقىغان قەلبىمنى سۇغاردىڭ.» دېگەن مىسرالارنى يېزىپ قويۇپتىكەنسەن.

مۇمكىن بولسا مۇشۇ دەقىقىدە ھېچقانداق ئىشنى، ھەتتا سېنىمۇ ئويلاشقا رايىم قالمىغانى-دى. ئاتكرىتكىنى قولۇمغا ئېلىپ، ۋۇجۇدۇمغا قايتىدىن يىغا ئولاشتى. ئۆيگىمۇ بوينۇمدىن بىرسى باغلىغاندەكلا كەلگىنىمنى يوشۇرمايمەن.

توغرا كەلگىنىنى قارا، كېچە سائەت 1 بولاي دېدى، سەن يوق. مانا ۋاقىتنى بەك، بەك تەستە بىرگە ئۇلاشتۇردۇم. ئەمدىلىكتە مېنى بىئارام قىلىۋاتقان خىياللارنى چۆرۈپ تاشلىماي

ئامال يوق، سائەت 1 بولدى! ئەمدى «ئەلقەم ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ قالمىغان بولغىيتتى، بىرەر ئايالنىڭ قۇچىقىدىن سوغۇرۇلۇپ چىققان تەقدىردىمۇ سالامەت ئۆيگە كەلسە بولاتتى - تىغۇ......» دېگەندەك ۋەسۋەسىگە چۈشتۈم. مەن ئايالنىڭ بولغانلىقىم ئۈچۈنلا يەنە كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي، ئامانلىقىڭنى تىلەۋاتاتتىم.

خالىماي تۇرۇپ ساڭا تېلېفون ئۇردۇم. تېلېفوننى تەستە ئېلىپ ئاران سۆزلىدىڭ. تېلېفوندىكى ئاۋازىڭ ئۈزۈلۈپ قالغاننىڭ ئۈزۈلۈپ قالغاندەك قورقۇۋىدىم، باشقىلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى تېلېفونىڭدىن ئاڭلىنىپ، دىققىتىم چېچىلدى:

— ئەلقەم جۇيجاڭ، چىشى يولۋاسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتىلىغۇ؟— دېگەن تونۇش بىر ئاۋاز تېلېفوندىن ئاڭلاندى.

— ئەلقەم جۇيجاڭ، جانلىق ئولتۇرمامىلا، بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە كېلىدۇ جۇمۇ......

بۇ ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئەلقەم، تاڭ ئاتارغا يېقىن ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ قولىدىن غەرق مەست ھالەتتە سېنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. سېنى كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ قويۇشقا ئامالىم بولماي، گىلەم ئۈستىدىلا ياتقۇزغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى يىغلاشتىن،

ئاچچىقلاشتىن ئارانلا تۇتۇۋېلىپ، يېنىمدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىمچە گويا تونۇيالمايۋاتقاندەك ساڭا ئۇزاقتىن - ئۇزاققا قارىدىم. يۈرىكىم يەنە بىر قېتىم قاتتىق سېلىپ توختىدى. سەن قايسىبىر كۆڭلى قارا راسلىغان سەھنىدە ئەمەس، مېنىڭ يېنىمدا يىقىلىپ يېتىپسەن، خۇداغا شۈكۈر.

شۇ تاپتا قولۇمغا قەلەم ئالدىم، تاڭ ئاتقاندا ساڭا قانداق يۈزلىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلالماي، سەن بىلەن قەغەز يۈزىدە مۇڭداشماقچى بولغىنىم بەلكىم ئاقىلانىلىكتۇر. سەن ماڭا ئەۋەتكەن ئاتكىرىتكا ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. بىلىمەن، سەن بۇلارنى كۆرۈپ بىر تال قىزىل قېيىننىڭ يوپۇرمىقىغا ئايلىنىپ، ماڭا ئۈمىد بېغىشلىغان مەزگىللەرگە قايتىسەن......

مەن نېمىلا بولمىسۇن، سېنىڭ ماڭا بېغىشلىغان خۇشاللىقلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى ئۇنتۇلماس بىر بۆلەككە ئايلانغان قىزىل قېيىننىڭ بىر تال يوپۇرمىقىنى قەدىرلەپ كەلگەنلىكىمنى، بۇ بىر تال يوپۇرماقنىڭ نويابىرغا بولغان سېغىنىشىمغا ئايلانغانلىقىنى سەممىيىتىم بىلەن ساڭا ھېس قىلدۇرۇشنىلا ئويلىدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن نويابىرنى بەكلا سېغىندىم......

# ئاق ئۈنچە

كېچە رەھمەتلىك ئانامنى چۈشەپ قاپ-
تىمەن. كوچا چىراغلىرى يېنىپ تۇرغان
ئادەمسىز يولدا ئانام دادامنىڭ بىلىكىگە
ئېسىلغان، دولىسىغا بېشىنى قويغان ھالەتتە
كېتىۋاتىمىش. ئانامنىڭ لەرزان يەلپۈنۈۋاتقان
ئۇزۇن ئاق كۆڭلىكى ئاستا - ئاستا يىراقلاۋاتقان
ئىككى گەۋدىنى يارقىنلاشتۇرۇپ بارغۇدەك.
بىردىنلا ئانامنىڭ سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن
رومىلى دەيمىشمە، يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئاق
بىرنەرسە تۇرارمىش، ئارقىدىنلا ئاق نەرسە
ئورنىدا كۆزنى چاقنىتىدىغان ئۈنچە - مەرۋايىت-
لار پەيدا بولۇپ قاپتىمىش. سىڭلىم ئاسماندىن
چۈشكەندەكلا ئۈنچە - مەرۋايىتلارغا يۈگۈرۈپ
كەلگۈدەك. ئۇ ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى سورۇپ
تۇرۇپ ھېلى كۈلەرمىش، ھېلى يىغلارمىش......

مۇشۇ كۈنلەردە دادام ساقسىز بولۇپ
تۇرۇۋاتقاچقىمىكىن، كۆرگەن چۈشۈمنى ئويلىسام
يىغلىغۇملا كېلىدۇ. توۋا، سىڭلىمنىڭ موھتاج-
لىقى، جاراھەتلەنگەن دىلى، تولىمۇ مەنىسىز
مۇھەببەت كەچمىشى مېنى ئىچ - ئىچىمدىن
بوغقان، ئازابلىرىمنى چېكىگە يەتكۈزگەن ئەمەس-

-مدى؟ شۇ ناپتا كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ، بېشىمنى قــاتتىق قــاتتىق سىلكىــسەممۇ، ئۆزۈمــدىن يىراقلاشتۇرالمايدىغان ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر چۈشۈمگە بىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

......

ئــۆزۈم تېخــى بىــر بــالا تــۇرۇپ، ئىنــى - سىڭىللىرىمغا، دادامغىمۇ ئانا بولۇپ ئۆتكەن ئون نەچچە يىلــدىن بۇيان مېنــى قەيــسەرلەشتۈرگەن يىللارغا ياندىشىپ ئۇزىغان ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ مېنــى چارچــاتقۇدەك دەرىجــدە ئۇلۇغــۋار بولــۇپ كەتكەنلىكىنــى ھــېس قىلــدىم. تولــۇق ئوتتــۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، دادامنىڭ پىكرىنى قانۇن بىلىــپ، ئــائىلە ئايــالى بولۇشــنى تاللىۋالغــان ئانامنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ دېپتىرىگە ئۆتۈشنى زىيادە چوڭ بىلىــدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولىسا كېرەك، ئىقتىــسادىي قــۇۋۋىتىمىز بىــلەن ھېــسابلاشماي، ئىنــى - ســىڭىللىرىمنى ياخــشى مەكــتەپلەردە ئوقۇتــۇپ، ياخــشى كــۈنلەرگە ئېرىــشتۈرۈشتەك ئــارادىگە كەلگەنــدىن بېــرى دادامنىــڭ نېمە ئــويلىرى بــارلىقىغىمۇ كۆڭــۈل بۆلــۈپ كەتــمەي، پۈتــۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىنــى - ســىڭىللىرىمنىڭ ئىــستىقبالى ئۈچــۈن ئاتلىنىــپ كەتكەنلىكىمنىــڭ ئەمەلىيەتــتە تىلغــا ئــالغۇچىلىكى يــوق تــۆھپە ئىكەنلىكىنــى، ئەســلىدىنلا يــوق بولغــان ســالاھىيەت بىــلەن تارتقــان مۇشــەققەتلىرىمنىڭ

پەقەتلا بىر جەريان بولىدىغانلىقىنى، پۇل، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئەقىل بەرگەندەك بەرگىلى بولمايدىغان، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ئانىلىق مەسئۇ- لىيەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدىلەتىن چۈشەنگەندەك بولغانىدىم.

— سەن ماڭا ئاچا بولۇپ، نېمە ئىش قىلىپ بەردىڭ؟ مەكتەپتە ئوقۇتقان بولساڭ، ئۆزۈم ياخشى ئوقۇغاچقا ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم. خىزمەتكە چىقاردىم دېيىشكە توغرا كەلسە، ئىمتىھاندىن ئۆزۈم ئۆتتۈم. يېزىغا كېتىدىغانلىقىم ئېنىق تۇرسا «يېزىدا ئادەمنى ئادەم يەيدىغان ئىش يوق، مەنمۇ يېزىدا ئىشلىگەن، بۇ جەھەتتە بىزگە يۇقىرى تەلەپ قويساڭ بولمايدۇ......» دەپ، ئۇدۇل سەھراغا كېتىشىمگە قاراپ تۇردۇڭ. قېيداپ تۇرۇپ، ياخشى كۆرگەن ئادىمىم بىلەن تويۇمنى قىلىپ قويغان بولدۇڭ. سەن قانچىكى نەزىرىڭنى ئۈستۈن قىلغان بولساڭ، خەقمۇ مېنى شۇنداق نەزىرى ئۈستۈنلۈك بىلەن قولۇڭغا تاپ- شۇرۇپ بەردى. ھېسابتا سەن مېنىڭ بەختىمگە ئولتۇردۇڭ، مېنى ئېلىپ بېرىدىغان ئادىمىڭ باردىكىدەك تۇرمۇشۇمنى ۋەيران قىلدىڭ، مەن ساڭا ئۆچ!......

رەھمەتلىك ئانام بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان كۈنى نە قىيالماسلىق، نە يوقتىش،

نە كۆز يېشى دېگەنلەرنىڭ زەربىسگە ئۇچرىمىدىغان، ئۆيىمىزدە يىغا - زار كۆتۈرۈلۈۋاتسا، سومكىسىنى دولىسىغا ئېسىپ «مەكتەپكە ماڭدىم» دەپ ئالدىمغا كەلگەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدا ئوقۇيدىغان سىڭلىمنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىمۇ بولۇپ، ئۆيلۈك ئوچاقلىقمۇ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغاندىن كېيىنكى ئوي - پىكرى، ھالىتى يۈرىكىمنى تىلىم - تىلىم قىلىۋەتكەندىلا مەن ئاندىن سەگەكلەشتىم. ئۇنىڭسىزمۇ يەتكۈچە ھاردۇق يېتىپ، تازا بىر ھاللىنىشقا موھتاج بولۇۋاتاتتىم. مەن بەرداشلىق بېرەلمىدىم!

ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ ئوقۇشلىرى تۈگەپ، چىقىش يوللىرىنى تېپىپ بولغان، مەيلى مېنىڭ ئىرادەم بىلەن بولسۇن، مەيلى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولسۇن توي ئىشلىرىنىمۇ تۈگىتىۋالغان، لېكىن تارتقۇلۇقۇم تۈگىمەيۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە كۆز تەگكەندەكلا پارتلاپ چىقىۋاتقان زىددىيەتلەردىن ئۆز سەۋەنلىكلىرىمنى ئىزدەپ، ئۆزۈمنى قايىل قىلاي دەيمەن، قىلالمايمەن. سىڭلىمنىڭ ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ توي قىلغان يولدىشى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشكە قاراپ تۇرغانلىقىم سەۋەبلىك بىر - بىرگە ئۇلىشىپ كەتكەن ئاچچىق يۇتۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك

ئىكەنلىكىنى ئېنىق تۇرسىمۇ، «ھەرقانچە بولسىمۇ.......» دەپ تۇرۇپ سىقىلىمەن. مەن قانداق قىلاي؟!......

— ئۇكام، مەن سېنىڭ توي ئىشىڭغا قوشۇلالمايمەن. سىلەرنى ئوقۇتۇش جەريانىدىكى كۆرگەن كۈنلىرىمنى سەنمۇ چوڭ بولغاندا بىلىسەن. مېنىڭ جاپالارنى ئىزدەپ يۈرۈپ تارتىشىم سىلەرنى ياخشى ياشىسۇن دەپقۇ؟ سېنى خىزمەتكە چىقىرىپ، خىزمىتى يوق بىر بىكار تەلەپكە بېرىش كاللامدىن ئۆتىدىغان بولسا، ئەينى چاغدا تاغا - ھامملىرىمىز سىلەرنى ئانىسىز قالدى دەپ بېقىۋېلىش ئويلىرىنى ئېيتىشقاندا، ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ ئولتۇرمايلا قوشۇلمامتىم؟ سەنمۇ مۇشۇ كەمگىچە ئۆي ئىشلىرىغا پىشقان، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا كۆنگەن، شەھەردە تۇغۇلۇپ، بالىلىقىڭنىڭ شەھەردە ئۆتكەنلىكىنى ئويلىساڭ، كۆڭلىڭنىڭ بىر يەرلىرى يېرىم بولۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىغان، يېشىڭدىن ھالقىپ كەتكەن تەق - تۇرقۇڭ بىلەن روھى سۇنغان بىر ئايالغا ئايلىنىپ بولغان بولاتتىڭ. كىچىكلىك قىلما، مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەن....... — دېگەنىدىم سىڭلىمنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرسى بىلەن ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىمدا.

— خىزمىتى بولمىسا نېمە بوپتۇ؟ بىر ئۆينىڭ دەردىدىن چىقالىغۇدەك جۇرئىتى بولسا، بىر قىسىم خىزمەتچىلەردىن ياخشىراق. بۈگۈنكى كۈندە قايسىبىر خىزمىتى بار ئوغۇل بالا خىزمىتى يوق قىزلارنى تالىلاپ توي قىلىدۇ؟ شۇنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ يوقلۇقى، بىزلەرگە تايانمىسا، بىر ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەمدۇ؟ خىزمىتى بار تەييارتاپلاردىن، خىزمىتى يوق تەييارتاپلارنى باقسام نېمە بوپتۇ......

— ئۇكام، ئوقۇغان ئادەم بىلەن ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن كۆز قارىشىدا پەرق چوڭ بولىدۇ. ھازىر ھېس قىلمىغىنىڭ بىلەن، ئەتە - ئۆگۈن بۇ پەرقنىڭ ئاستا - ئاستا چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن. سېنىڭ مائاشىڭ بولغاندىكىن تۇرمۇشتىكى ئىقتىسادىي بېسىملارنىغۇ ئىلگىرى - كېيىنلىكى بولسىمۇ بىر تەرەپ قىلىپ كەتكىلى بولار، تەربىيەلىنىشى يېتەرلىك بولمىغان ئادەم بىلەن كۆز قاراشتا بىرلىككە كېلىپ ياشاش بەك مۇشكۈل، يەنە ئويلانغىن......

— مەن ئاللىقاچان ئويلىنىپ بولغان. ئۆزۈڭ ئويلىنىپ باقمامسەن، مەن مۇھەببەتسىز بىر ئائىلىدە چوڭ بولدۇم. ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلالايدىغان بىرسى بىلەن ئائىلە قۇرۇشنى

ئىختىيار قىلدىم، تەرەپ - تەرەپتىن تەنبىھ بېرىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟......

شۇ قېتىم سىڭلىم بىلەن سۆزلىشىشنىڭ ئايىغى چىقمايلا قالماي، روھىم چىقىپلا كەتكەندەك بوشىشىپ خېلى بىر مەزگىلگىچە قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي يۈردۈم. «مەن مۇھەببەتسىز بىر ئائىلىدە چوڭ بولدۇم» دېگەن سۆزنىڭ كۈچى بىلەن كۆزۈمنى يۇمۇپلا مەيلىگە قويۇۋەتمىسەم بولمايدىغان، مەن تاقابىل تۇرالمايدىغان قىيىنچىلىقلار، بىر تەرەپ قىلىشتا مەن كىچىكلىك قىلىدىغان ئىشلارنىڭ تېخى ئالدىمىزدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندەك بولدۇم. كىتابقا بېرىلىپ ئۆتكەن دادامنىڭ سۈرى، ئىنىلىرىمنىڭ سىڭىللىرىمغا تىكىلىپ تۇرىدىغان نەزىرى، مېنىڭ ئانا مېھرىگە قانمىغان ئىنى - سىڭىللىرىم ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىمگە يارىشا ئائىلىدە تىكلەنگەن ئورنۇمنىڭ كۈچلۈك مەسئۇلىيەت بىلەن مۇستەھكەملىنىپ بېرىۋاتقانلىقى، ئائىلىنىڭ تىنجىق ھاۋاسىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئىزچىل تۇردە ئورنى تولدۇرۇلماي كەلگەن مۇھەببەتنىڭ نىداسىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرالمىدىم.

ئاخىر مۇھەببەت ئالدىدا تەسلىم بولدۇم. سىڭلىم ئۆزىگە مۇھەببەت ئاتا قىلالايدىغان بىرسى بىلەن ئائىلە قۇرۇشنى ئىختىيار قىلىۋاتقانلىقىنى

جاكارلىدى. مېنىڭ بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇھەببەت ئاتا قىلىش ـ قىلالماسلىقىنى بىلىشنىڭ زۆرۈر تاللاش ئىكەنـ ـلىكىنى ئىنكار قىلغۇدەك قۇربىتىم بولسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا مېنىڭ سىڭلىمنىڭ تۇرمۇش ئىشى ئۈچۈن كۆڭۈل يېرىمچىلىقى تارتىشىم بىھۇدىمۇ؟ سىڭلىم مەن ھېس قىلمىغان بىر تالاي نازۇك تۇرمۇش پەلسەپىلىرىنى ئالدىمغا تاشلىغىنىدا، جەمئىيەتكە ئەمدىلا قەدەم قويۇۋاتقاندەك ھالەتتە تۇرۇپلا قېلىشىمغا زادى نېمە سەۋەب بولدىكىن؟ رېئاللىقتا ئادەم ھەتتا ئۆزىگىمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالمايدىغان مەسىلىلەر ئازمۇ؟...... مېنىڭ يەنىلا كۆڭلۈم يېرىم. مەن كۆڭلۈمنىڭ تۇيغۇنلۇقىغا ئىشىنەتتىم، لېكىن مۇھەببەت ئالدىدا يەنىلا تەسلىم بولدۇم!

ئوغلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سىڭلىمنى بالا قىلىۋېلىش مەقسىتىنى دەپ كەلگەندە:

— كۆرۈشتىلە، سىڭلىمنىڭ ئوغلىۇڭلار كۆيدۇم، پىشتىم دەپ دۇم ياتقۇدەك چىرايىمۇ، مەن سىلەرگە تىلغا ئېلىپ خاتىرجەم قىلغۇدەك پىشقان قىزلىق تەبىئىيتىمۇ يوق. ياخشى ئوقۇغانلىقتىن سىنىپ ئاتلاپ يۈرۈپ ئىمتىھاندىن ئۆتتى، كىچىكلا تۇرۇپ خىزمەتكە چىقتى شۇ. مەن ئۇنى توي قىلىش يېشىدا دەپمۇ قارىمايـ ـمەن، ئىمكان بار ئوغلۇڭلارنىڭ راينى

ياندۇرساگلار مەن خۇش بولغان بولاتتىم، — دېگەنىدىم ئۇچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئۇلارغا.

ياۋاش، مۆمىن ئاتا - ئانىنىڭ ئىرادىسى، نېمىلا دېسەم قول باغلاپ تۇرۇشى مېنى ئىلاجسىز قويغانىدى. توي بولۇپ، تويىنىڭ قائىدە - يوسۇن، رەسمىيەتلىرى جەريانىدىكى چىرايلىق ماسلىششلارنى كۆرۈپ، كۆرسەتكەن قارشىلىق - لىرىمدىن ئۆزۈممۇ خىجىل بولۇپ قالغانىدىم. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، مەن ئۈچۈن يەر بىلەن ئاسمان، كېچە بىلەن كۈندۈز تۇيۇقسىزلا ئالمىشىپ كەتكەندەك تاسادىپىيلىق، ئازاب يۈپۈرۈلۈپ كەلدى.

مەن نومۇسقا چىدىماي، خۇدۇمنى يوقىتىپ ياش تۆككەن ئۇ كۈننى ئېسىمگە ئېلىشتىن ھېلىھەم قورقۇپ تۇرۇپتىمەن: ئىشىك قاتتىق چېكىلدى. ئەنسىدىكىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدىم، ئىشىك ئالدىدا سىڭلىمنىڭ قېيىنئاچىسى، قېيىن- ئاكىسى، كۈيئو ئوغلىمىز تۇرۇپتۇ.

— ما ئۇكامنى كۆرسىلە!— دەپ، كۈيئو ئوغلىمىزنى ئالدىمغا ئىتتىرىۋەتتى ئاچىسى. كۈيئو ئوغلىمىزنىڭ كالپۇكى يېرىلغاندەك سەزدىم. ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتىن باشقا نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇراتتىم، ئۇچەيلەن گەپ - سۆزلەرنى ياغدۇرغىنىچە پەلەمپەي ئاتلاپ پەسكە چۈشۈپ، قورۇدىكى قوشنىلىرىمنى مىنۇت

ئارىلىقىدا ئۇلاشتۇرۇپ بولدى.

— خوتۇن كىشىنىڭ ئەركىشىنى ئۇرغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ ئىنىمىزغا ئادەم بالىسىنى ئېلىپ بەردۇق دېسەك، ئېشەك ئېغىلىدا چوڭ بولغان بىرسىنى ئېلىپ بېرىپتىكەنمىز، ئانىسى يوقنىڭ ئەمچىكى مانا مۇشۇنداق چوڭ بولىدىكەن ئەمەسمۇ......

— نېمىش بولسا ئۆيگە كىرىپ چىرايلىق دېيىشىڭلار......

— ئالدىرىماي گەپ قىلىسىلا، زادى نېمە ئىش بولغان؟ بالىنىڭ ئاغزى يېرىلىپ كېتىپتىغۇ......

— سىلىنىڭ سىڭىلچاقىنىڭ گېپىمۇ بۇ؟

— بىچارە، ئۆزى بالا تۇرۇپ بالىنىڭ خاپىلىقىنى تارتىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟......

ئۇچەيلەننىڭ ئەلپازىدىن، گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئورامىدىن سىڭلىمنىڭ كەچۈرگۈسىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى جەزملەشتۇرۇپ، توختىماي كەچۈرۈم سورايمەن، ئۇلار ئەزۋەيلەيدۇ، قوشنىلار نېمە ئىش بولغانلىقىغا قىزىقىپ، گەپ ئارىلايدۇ...... كېيىنكى ئىشلارنى بىلمەيمەن. ھوشۇمغا كەلسەم، ياتاق ئۆيۈمدە يېتىپتىمەن.

— قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى قانۇن ئارقىلىق بىكار قىلغىلى بولسا ئىدى، سەن

مېنىڭ ئايالىم، ئىككى بالىمىزنىڭ ئانىسى بولۇپ ئۆتسەڭ ئائىلىمىزگە تىنچلىق بولاتتى. ئۇنداق دېسەم خاپا بولما، سېنىڭ كېيىنلىكىڭدىن ئەنسىرەيمەن، بالىلىرىمىزدىن ئەنسىرەيمەن، قاراپ تۇر، سەن ئۆمرۈڭدە ھېچكىمنى رازى قىلالمايسەن! سېنىڭ تۆلەيدىغان بەدەللىرىڭنىڭ تېخى ئالدىڭدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانسەن؟ ئانا مېھرىگە قانمىغان بالىلارنىڭ شۈكۈر - قانائىتى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن! شۈكۈر - قانائىتى بولمىغان بالىلاردا بەخت تۇيغۇسى بولامدۇ؟ بەخت تۇيغۇسى بولمىغان بالىلارنىڭ خاپىلىقى تۈگىمەيدۇ، خوتۇن! ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال.......

يولدىشىمنىڭ تاپا - تەنە ئارىلاشقان تەسەللىلىرىدىن يەنە ئۇۋۇلۇپ يىغلايمەن. ئانامنى سېغىنىپ ئۆرتىنىمەن. ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىشكە ئالدىراپ، سىڭلىمنى تېپىپ كېلىشنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ جار سالىمەن. ئون نەچچە يىلدىن بېرى كۆچلۈكرەك ئاۋازمۇ چىقماي ئۆتكەن ئۆيىمىزدە، چوڭ - كىچىك ئالدىدا ھۆرمىتىمىز بار مەھەللىدە، شۇ كۈنى قىيامەت قايىم بولغىلى تاس قالغانغۇ؟

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەھۋالنى ئۇقتۇم. ئەسلىدە سىڭلىم ئارام كۈنىدىن پايدىلىنىپ دادامنى يوقلاپ كەلمەكچى بوپتىكەن، يولدى-

-شىدىن پۇل سورىسا، پەرۋا قىلماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. شۇ سەۋەبلىك تەگىشىپ قېلىپ، يولدىشى سىڭلىمنى تامغا ئۇستۇپتۇ، سىڭلىم يولدىشىغا پۇتىدىكى ئايىغىنى سېلىپ ئېتىپتۇ، سىڭلىمنىڭ چېچى يۇلۇنۇپ، يولدىشىنىڭ كالپۇكى يېرىلىپتۇ...... سىڭلىم ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىۋېتىپ، تامغا گەجگىلىرىنى سۈركەپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى.

— سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىماي، ئۆزۈم چېك تۇرۇپ قىلغان توي بولغانىدىكىن، ئىچىمدىكى دەردلىرىمنى ئۆزۈملا بىلىپ بۈگۈنگە كەلدىم. توي قىلىپ بىر ئاي بولغاندا مائاش كارتامنى غەنىنىڭ قەرزىنى سۈيلەپ كەلگەنلەرگە بەرگەنىدۇق. غەنىنىڭ تىجارىتىگە دەسمىي سېلىشقا ئالتۇن جابدۇقلىرىممۇ سېتىلىپ بولدى. مېنىڭ نامىمدا مىڭ كويلۇق قەرز كارتىسى بېجىرگەن، ئۇمۇ تۈگىدى. مېنىڭ خەجىمگە ھەر كۈنى 20 كوي بەرگەن......

— بولدى، دېمە. سەن بەرداشلىق بېرەلىگەن بىلەن، سېنىڭ دەردلىرىڭنى ئاڭلىسام مەن بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. ئۆزۈم قىينالساممۇ، سىلەرگە قىيىنچىلىقنى چاندۇرماي كەپتىمەن. يېتىملىكنىڭ چىرايىڭلارغا چىقىپ قالماسلىقنى ئارمان قىپتىمەن. ئەرلىرىنىڭ قولىغا قاراپ قالمىسۇن دەپ، ئوقۇشۇڭلارغا

مەدەت بېرىپتىمەن...... ئەمدىلىكتە ھەر كۈنى يولدىشىڭ بەرگەن 20 كوينىڭ ئۈن نەچچە كوينى كىرا قىلىپ، بىرنەچچە كوي بىلەن قورساق تويغۇزۇپ يۈرۈپسەن، مۇشۇ ئىشلارنى چوڭلار بىلەمدۇ؟.......

— بىلمەيمەن.

— بۇ مۇساپە بەك ئۇزاق، ساڭا ھاردۇق يېتىپ بوپتۇ، ئاجرىشىپ كەت!

سىڭلىمنىڭ دەردلىرىنى تولۇق ئاڭلاشقا تاقىتىم بولماي، بىرنەچچە ئاي ئىچىدىكى بولغۇلۇقلاردىن ئەسلىدىمۇ كاللامدىن ئۆتمىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى چىقىرىۋېتىشكە ئالدىرىدىم. مەن قانداق قىلاي؟ ئۆزۈمنىڭ ئەينى چاغدىكى پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئەزۋەيلەپ چۈشەندۈرۈپ، سىڭلىمنىڭ يارىسى ئۈستىگە تۇز قۇيايمۇ؟ مەن مۇھەببەت ئالدىدا تەسلىم بولغان ئىدىمغۇ، مېنى تەسلىم قىلغان مۇھەببەت شۇمۇ؟ مەيلى قايسى تەرەپتىن ئويلاي، ئاجرىشىشتىنمۇ ئاقىلانە يەنە بىر قارار يوق ئىدى. سىڭلىممۇ ئاجرىشىشقا قوشۇلدى.

سىڭلىمنىڭ ئاجرىشىش قارارى ئوغۇل بىلەن ئانا، سىڭلىم بىلەن مەن ئولتۇرغان تېز تاماقخانا ئايرىمخانىسىدا رەسمىي بېكىتىلدى.

— ئىككى بالا ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلار بوپتۇ، سىلىنىڭ

خەۋەرلىرى بارمۇ؟ــ سورىدىم ئانىدىن.

ــ ئىلگىرى بىلمەپتىمىز، قايسى كۈندىكى كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن بىلدۇق،ــ دېدى ئانا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

ــ قەرز ئالغان، ئالتۇنلىرىنى ساتقان بىلەن، بۇنى مەن قىسسىپ قويۇپتىمەنمۇ؟ ھەر كۈنى 20 كويدىن پۇلنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئىشقا ماڭدۇردۇم. ئېيتىپ باقە، راستمۇ، يالغانمۇ؟

كۈيىئوغۇل ئارىدىن چاچراپ قوپۇپ، سىڭلىمغا قوللىرىنى تەڭلەپ سوراق قىلىپ كەتتى.

ــ چېچىلماڭ ئۇكام، سىڭلىم قەرزلىرىڭىزنى تۆگىتىپ بېرەلمەي تۇرۇپ، كۈندە 20 كويدىن خەجلەپ، سىزنى قەرزگە بوغۇپ قويغۇدەك. چىرايلىق بىر تەرەپ بولۇپ كەتسەڭلار بولمىدىمۇ؟ــ دېدىم ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ.

ــ بولدى، سىڭلىلىرىنى ئەرگە بېرىۋالسىلا!

كۈيىئوغۇل ئانىسىنى تارتىپ دېگۈدەك تاماق ئۈستىلىنى ئۇيان ـ بۇيان سۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتتى. تىلغا ئېلىشقىمۇ خىجىل بولىدىغىنىم كۈيىئوغۇلنىڭ ئانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ تاماق پۇلىنى بېرىۋېتىپ، سەتلىشىپ چىقىپ كېتىشى بولدى.

كىشى ئۆلمىسە ھەر قىسىم ئىشلارنى، ھەر خىل مىجەزلىك ئادەملەرنى كۆرىدىكەن......

خېلى كۆنلەرگىچە سىڭلىمنىڭ توي ئىشلىرىنىڭ قۇرىششىدىن چۇۋىلىشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلارنىڭ ئوڭ-ئوم ياكى چۇشۇم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەي يۈردۇم.

مانا، ئارىدىن ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتۈپتۇ. كىچىك تۇرۇپ شۇنچە ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن، تۇرمۇش ئىشلىرىدىكى پۇشايمىنىنى نەچچە قېتىملاپ تىلغا ئالغان، ئەينى چاغدا كىچىكلىك قىلغىنىدىن ئۆكۈنگەن، مەندىن كەچۈرۈم سورىغان سىڭلىمنىڭ يەنە تۇيۇقسىز ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ماڭا ئېغىر ئەلەم بولدى.

ئانام هايات بولغان بولسا، سىڭلىم تارتقان خورلۇقلارغا چىداپ تۇرۇپ سىڭلىمنىڭ ئاچچى-قىنى ياندۇرغان، ئىككى ياشنىڭ نىكاھىنى ساقلاپ قالغان بولارمىدى؟ سىڭلىمنىڭ ئەينى چاغدىكى تەلپۈنۈشلىرىدىن قالغان يانغىنىنىڭ ھېلىھەم ئۆچمىگەنلىكىنى ھېس قىلارمىدى؟ مەن سىڭلىمنى قوغداپ قالالىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتى بىلەن بۇندىن كېيىن قانداق زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلەرمەن؟ كىچىك هامما-نىڭ ئېيتىشىچە، سىڭلىم ئاجرىشىپ كەتكەن-دىن كېيىنمۇ كۆڭلى ئارامىدا بولماپتۇ. ئىزچىل ئۇرۇلۇۋاتقان تېلېفون، ئىشقا بېرىش يولىدىكى كۈتۈشلەر ئۇنى بىزار قىپتۇ...... ئەجەبا، ئۇنىڭ

ئاچچىقلىرى يانمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟......

سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپلا چۈشۈم سەۋەب-لىك يېڭىلانغان دەردلىرىمدىن روھسىزلاندىم. يولدىشىمنى ئىشقا، باللىرىمنى مەكتەپكە يولغا سېلىۋېتىپ، ئىشقا كېچىكسەممۇ دادامنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ماڭماقچى بولدۇم - يۇ، سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ تىترىشى مېنى جىددىي-لەشتۈردى. تۇرۇپلا قورۇ دەرۋازىسىدىن چىقسام چوڭ يولدا سىڭلىمنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى سورۇپ تۇرۇپ، ھېلى كۈلۈپ، ھېلى يىغلاشلىرىغا يولۇقىدىغاندەك بىر خىل ۋەھىمىدىن ئالاقزەدە بولۇپ قالدىم. سىڭلىم سۈتتەك پاكىزلىقىنى ئاتا قىلغان، بارلىقى بىلەن سۆيگەن، ئەمەلىيەتتە مەڭگۈ سۆيۈلەلمەيدىغان ئاشۇ ئەر ئۈچۈن گۈلدەك مەۋسۇمىگە شىۋىرغان چىللايدىغاندەك تۇراتتى. بۇ خىل بەدەلنىڭ مۇھەببەت ئەمەسلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى......



**图书在版编目（CIP）数据**

金沙岛 ：维吾尔文 / 阿米娜古丽·艾克木著. --喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2012.12
ISBN 978－7－5373－2735－0

Ⅰ. ① 金… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①短篇小说－小说集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 300920 号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：热孜玩古丽·阿布来提

金沙岛

（短篇小说）

阿米娜古丽·艾克木 著

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 4.625 印张 2 插页
2012 年 12 月第 1 版 2012 年 12 月第 1 次印刷
印数：1— 3000 定价：13.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن

خەتتات : قۇربانجان روزى شەيدائى

ISBN 978-7-5373-2735-0

9 787537 327350 >

（民文）定价：13.00元